ئابدۇللا ياقۇپ

# تىلدا دىيانەت، دىلدا خىيانەت



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇللا ياقۇپ

# تىلدا دىيانەت، دىلدا خىيانەت

(ساتىرىك شېئىرلار)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

口是心非:维吾尔文/阿布杜拉·亚库甫著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2000.5
ISBN7—5373—0769—5

Ⅰ.口... Ⅱ.阿... Ⅲ.讽刺诗—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227.9

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第26990号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092毫米 1/32开本 4.3125印张 1插页
2000年5月第1版 2000年5月第1次印刷
印数:1—3110 定价:6.50元

# نەشرىياتتىن

ئابدۇللا ياقۇپ 1947 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئاق مەسچىت مەھەللىسىدە تىجارەتچى ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1964 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، كېيىن ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇللا ياقۇپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان بولۇپ، تۇنجى شېئىرى «تاغ سۈيى» 1962 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان؛ 1962 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ 1200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان؛ 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھايات كۈيلىرى» (شائىر ئابدۇرېھىم ئىسمائىل بىلەن بىللە)، 1987 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ياش ئەۋلاد» (باشقىلار بىلەن بىللە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «سالام يۇلتۇزلار» (باشقىلار بىلەن بىللە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

ئابدۇللا ياقۇپ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


ماختىسا ۋە تىللىسا ........................................ 1

بىز جاھانغا ئەمەسمىز باقىي ........................................ 2

شائىر ئۆلسە ئۆلدى دېمەڭلار ........................................ 3

چۈشىن ........................................ 4

« كولىغۇچ » قا ........................................ 5

كۆز ۋە قاڭشار ........................................ 6

« تەخسىكەش » دەپ ........................................ 7

سۇ ۋە ئوت ........................................ 8

ئىككى ئىت ........................................ 9

ئاغزى دۇئادا، كۆزى قۇيماقتا ........................................ 10

مەنسەپخۇمارنىڭ تەمەسى ........................................ 12

پەندىيات ........................................ 14

تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈش ........................................ 17

قامچا سالسام ........................................ 18

نابۇت قىلما ياشلىقنى ........................................ 19

بىزار بولدۇم قوشنامدىن ........................................ 21

قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ........................................ 23

توي قىلىپ ........................................ 25

باشلىق بولدۇم ........................................ 28

قاغىدۇق ۋە ماختىدۇق ........................................ 31

شائىر ئەمەس ، شېئىر زاۋۇتى ........ 33
سەھنىدە ........ 34
توپا باستى ........ 36
« روھىي گادايكەنسەن » دېدى ........ 38
تويدىكى پاراڭلار ........ 39
ئۆي سالدىم ........ 40
پۇل بولسا ........ 42
ھەقنى ھەق دېسەم ........ 43
كارىم يوق ........ 44
تىلدا دىيانەت ، دىلدا خىيانەت ........ 47
بۇزۇق ........ 49
ئۆسمە ........ 51
قويمىچىغا ........ 53
بىزنىڭ ئىشخانا ........ 56
چەكمىگىن ........ 57
ئادەممۇ ؟ ........ 59
خارلىما ........ 61
بىر تۇزكورغا ........ 63
تويمىدىم ........ 65
ئالدامچى تېۋىپقا ........ 66
قاچ نېرى ........ 68
ماختىما مېنى ........ 69
بىزنىڭ كەنتتە ........ 71
ھەسەتخورلۇق يوقىلار قاچان ........ 73
ناھەق ئىشقا گېپىم بار ........ 75

سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات ...................................... 77
چىقسا ............................................................... 80
سەنمۇ ھەم مەنمۇ ........................................................ 82
ئۆكۈنمە ، دوستۇم ........................................................ 84
پۇل تاپساڭ ............................................................. 86
ھەر ئۆچ كۈندە كىيەمدۇق بىرنى .......................................... 89
مىنىڭ سوۋغام .......................................................... 92
مەنسەپ تۇتۇپ .......................................................... 93
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق ....................................... 95
يالغاننى يازماڭ ........................................................ 98
ئۆزۈڭ چايان ، يازغىنىڭ ھەسەل ......................................... 101
ئوبزور يېزىپ قوي ....................................................... 103
ياخشىلىق قىلما ....... ..................................................... 105
قاقشتىپ ............................................................... 106
ساختىلىق ـ يالغانچىلىق .................................................. 107
پۇل بەرسەڭ ........................................................... 108
ماختاش ئالدىدا ......................................................... 110
قىشتا تېگىپ ، يازدا ئاجرىشىپ ........................................... 111
ئېگىلگەنلەر غادايدى يەنە ................................................ 113
ئۆگەي ئانىغا ........................................................... 115
« كەسمەس » نىڭ ئېيتقانلىرى ........................................... 117
قىچىشتۇرمىسا يا ئېچىشتۇرمىسا ......................................... 118
ۋاقتىدا قۇتۇلايلى جاراھەتتىن ............................................. 120
رۇبائىيلار ۋە پارچىلار ................................................. 124

# ماختىسا ۋە تىللىسا

بىرسى دېدى مېنى : « زەر - گۆھەر » ،
بىرسى دېدى : « كېرەكسىز چالما » .
بىرسى دېدى : « مېۋىسىز بىرشاخ » ،
بىرسى دېدى : « قىزارغان ئالما » .

ماختىغانغا ئۇچۇپ كەتمىدىم ،
تىللىغانغا قىلمىدىم پەرۋا .
پۈۋلىگەنگە سەمرىپ كەتمىدىم ،
غاجىغانغا بولمىدىم ئەرۋاھ .

ئويلاپ كۆرسەم خىلمۇخىل گەپ - سۆز ،
قىسمەتلەرگە تولغانكەن ئالەم .
بىرسى « ياخشى » ، بىرسى « يامان » دەپ ،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى ئادەم .

1985 - يىل 2 - ئاي

# بىز جاھانغا ئەمەسمىز باقىي

بۇرادەر جاھانغا ئەمەسمىز باقىي ،
كۆز يۇمساق بۇ دۇنيا قالاركەن بىزدىن .
سىڭمەسمۇ بەدەنگە يېگەن ئىچىشمىز ،
مۇبادا خەس ـ ئەخلەت تەرمىسەك ئىزدىن ،

بۇرادەر جاھانغا ئەمەسمىز باقىي ،
ئاقىۋەت كۆز يۇمساق بولىمىز مۇردا .
ھاياتنى جاھانغا سىغىشماي ئۆتسەك ،
ئالىقانچە يەرگە سىغارمىز گۆردە .

ئاندىن تۇغۇلماس ئىنسان مىلك قىتىم ،
قۇرمايلى ئۆزئارا قاپقان ۋە تۇزاق .
ياشايلى تەكمۇتەك ئېچىلغان گۈلدەك ،
ئىناقلىق بېغىدا چېچىپ خۇش پۇراق .

1985 ـ يىل 3 ـ ئاي

# شائىر ئۆلسە ئۆلدى دېمەڭلار

شائىر دېگەن ئۆلمەيدۇ پەقەت ،
شائىر دېگەن قۇرۇماس دېڭىز .
شائىر دېگەن ئۆپرىماس چوققا ،
شۇنچە يۈكسەك ، شۇنچە بەك ئېگىز .

شائىر دېگەن ئۇلۇغدۇر راستلا ،
تەڭ قىلغىلى بولماس خان بىلەن .
شائىر ئۆلسە « ئۆلدى » دېمەڭلار ،
شائىر هايات ياشار شان بىلەن .

نابۇت بولسا ئۇنىڭ قەلىمى ،
خالايىقنىڭ جېنى يىغلايدۇ .
ئامبال ئۆلسە ئاران ئون كىشى ،
شائىر ئۆلسە مىڭى يىغلايدۇ .

**1985** ـ يىل 3 ـ ئاي

# چىۋىن

چىۋىن ئۇچۇن ئەتىۋاركەن نىجاسەت ،
چىۋىن ئامراق ئىكەن زەرداپ يېغىرغا .
ئۇ دەيدىكەن قونسا ئاڭا مۇبادا ،
ئۇچراشتىمغۇ ئەمدى تاتلىق بېغىرغا .

توۋا دەيمەن ، نەزەر سالسام تۇرمۇشقا ،
بەزىلەردە چىۋىن خۇيى ئېغىركەن .
يۇرەر ئىكەن دائىم ئىزدەپ نىجاسەت ،
ئەتىۋارلاپ يېپىشقىنى يېغىركەن .

1985 - يىل 4 - ئاي



# « كولىغۇچ »قا

غەيۋىتىمنى قىلدىڭ مېنىڭ تالاي قېتىم ،
« خەقلەر مېنى ياخشى ئادەم دەرمىكىن »دەپ .
« قىلىپ دائىم ئابرۇيۇمنى ـ ئىززىتىمنى ،
سورۇنلاردا بىللە ئىچىپ ، يەرمىكىن » دەپ .

ئالىمەن دەپ مېنى شۇنداق يانپېشىڭغا ،
بىراق ئۆزۈڭ غۇلاپ چۈشتۈڭ قاتتىق تاشقا .
مەن سۇنمىدىم ئۆزۈڭ سۇندۇڭ بىلدىڭمىكىن ،
پېشانەڭدە « كولىغۇچ » دەپ قالدى قاشقا .

1985 ـ يىل 4 ـ ئاي

# كۆز ۋە قاڭشار

كۆزلەر دېدى: «تۆرەلسەكمۇ جۈپ،
قېنىشمىدۇق ئۆزئارا قاراپ.
نېچۈن، قاڭشار، قىلىپ كۈنداشلىق،
ئارىمىزنى تۇرىسەن توساپ؟»

قاڭشار دېدى: «ئېيتاي راستىنى،
تېرىكمىگىن، كۆزلەر، ئاھ ئۇرۇپ.
مەن بولمىسام ئارىدا شۇنداق،
بىر - بىرىڭنى يەر ئىدىڭ ئويۇپ».

1985 - يىل 4 - ئاي



# « تەخسكەش » دەپ ...

« تەخسكەشكە » دېگەن شېئىرىم بېسىلسا ،
ئوقۇپ ئۇنى دەپسەن : « مېنى يېزىپتۇ .
ئاشۇ شائىر سەپرايىمنى ئۆرلىتىپ ،
بىر غەلىتە سۈرىتىمنى سىزىپتۇ » .

نېچۈن بۇنچە چىچاڭلايسەن ، بۇرادەر ،
شېئىرىم تۇزدەك قۇيۇلدىمۇ ياراڭغا .
ياكى راستىن تەخسكەشلىك ـ قۇللۇقنىڭ
پېلىكىنى ئالغانمىدىڭ باراڭغا .

يا بولدىمۇ شېئىرىم ساڭا بىر ئەينەك ،
سەن كۆردۈڭمۇ ئۇندا ئەپتىڭ ــ جىسمىڭنى .
بىلەلمىدىم يا ئەسلىدە خالايىق ،
« تەخسكەش » دەپ قويغانمىدى ئىسمىڭنى .

1986 ـ يىل 5 ـ ئاي

# سۇ ۋە ئوت

قازاندىكى سۇغا دېدى ئوت ،
« ھەيۋىتىم بار ، جاسارىتىم بار .
بىلىپ قويغىن قىزىتىپ سېنى ،
قايناتقۇدەك ھارارىتىم بار » .

سۇمۇ ئېيتتى « كۆيسەڭ كۆي قانچە ،
قايناپ ـ قايناپ تېشىپ كېتىمەن .
ئاخىر سېنى ئۆچۈرۈپ تامام ،
ھەيۋىتىڭنى بېسىپ كېتىمەن » .

1987 ـ يىل 2 ـ ئاي



# ئىككى ئىت

يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپلا ئىككى ئىت ،
بىر - بىرىگە ئېتىلىشتى پىرقىراپ .
غەزەپلىنىپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ،
تالىشىشقا ئاتلاندى تېز خىرقىراپ .

سالدى سۈرەن ئىتپەرەسلەر ئولىشىپ ،
« بۇ ئىككى ئىت تالىشىدۇ ياخشى » دەپ .
« مەززە قىلىپ كۆرمەيلىمۇ تاماشا ،
ئاقىۋەتتە قايسى بولار پاخشە » دەپ .

ئىككى ئىتنىڭ بىرسى ئالسا پاچاقتىن ،
بىرسى چىشلەپ ئۈزدى گۆشنى بويۇندىن .
ئىتلار قانغا بويالغاندا بەزىلەر
ھۇزۇرلاندى بۇ تاماشا - ئويۇندىن .

ئويلاپ قالدىم شۇ تالاشقان ئىتلارنىڭ
نەسلى - زاتى بىركەن قەدىم زاماندىن .
لېكىن ئاشۇ رەزىل قىلمىش ئۇلارغا
ئادەت بولۇپ كەلگەن ئىكەن قاچاندىن ؟

1987 - يىل 2 - ئاي

# ئاغزى دۇئادا، كۆزى قۇيماقتا

يۇقىرىدىن كەلگەن بىر باشلىق،
ئاچتى مەجلىس ئالتە كۈن سۆزلەپ.
دېدى بىزگە: «بولۇڭلار ئادىل،
ئىش قىلىڭلار ئۇمۇمنى كۆزلەپ.

چىرىكلىشىپ پاتماڭلار لايغا،
پارىخورلۇق ھەممىدىن يامان.
پاش قىلىڭلار، تەنقىد قىلىڭلار،
بۇنداق قىلمىش سېزىلگەن ھامان.

سوۋغا ـ زەللە ئالماڭلار خەقتىن،
پاك بولۇڭلار، يېمەڭلار ھارام.
پرىنسىپتا تۇرۇڭلار مەھكەم،
يولدىن ئېزىپ بولماڭلار قارام».

شۇ باشلىقچۇن سويۇلدى ئەمما
ئالتە كۈندە قويدىن ئالتىسى.
كېتەر چاغدا زەللە ـ سوۋغاتقا
تولدى ئۇنىڭ تاغار ـ خالتىسى.

زىت ئىكەنغۇ قارىساڭ ئۇنىڭ
قىلمىشىغا سۆزلىگەن سۆزى .
تۇرغان بىلەن ئاغزى دۇئادا ،
تىكىلىپتۇ قۇيماققا كۆزى .

1991 - يىل 1 - ئاي

# مەنسەپخۇمارنىڭ تەمەسى

بۇرۇنقى دوپپىنى تاشلاپ، يېڭىدىن تاج كىيەي دەپتىم،
ئۆزۈمنى شاھۇسۇلتانىنىڭ قاتارىدا سېزەي دەپتىم،
بولۇپ باشلىق ھوقۇقۇمنى قىلىپ ئەمچەك ئېمەي دەپتىم،
خالايىقلار ئېشەك بولسا ئۈنىڭغا مەن مىنەي دەپتىم.
گېپىم ئىشقا ئېشىپ قالسا، مۇرادىمغا يېتەي دەپتىم،

ئەزەلدىن بار ئىدى ئېپلاس ئاشۇنداق بىر تەمە مەندە،
قۇرۇپ بەزمە ئۇسسۇل ئويناپ راۋاج تاپتى ساما مەندە،
ھارام يېسەم يەنە مەۋجۇت پەقەت تويماس كامار مەندە،
يۇقۇپ مىكروب كېسەل بولدۇم ئاڭا يوقتۇر داۋا مەندە.
ئەمەل ـ مەنسەپ ئۈچۈن ۋىجدان ـ غۇرۇرۇمدىن كېچەي دەپتىم.

قېشىمغا كۆندە دەرد ئېيتىپ، خالايىقلار كېلىپ تۇرسا،
غادايسام بۇت كەبى ئۇلار ئىشارەتنى بىلىپ تۇرسا،
ئۆيۈمگە توختىماي سوۋغات يەنە پۇل ـ مال كىرىپ تۇرسا،
پەقەتلا تويمىسا نەپسىم، داۋام قارنىم ئېچىپ تۇرسا،
شۇلۇپ نامرات قىلىپ خەقنى ئۆزۈمنىلا بېزەي دەپتىم،

تاماشاغا چىقىپ كەتسەم داۋام پىكاپىلىنى خوتلاپ ،
كۆچۈكتەك ئۆمىلەپ يۈرسەم قاۋاقتا مەي ـ شاراب ئوتلاپ ،
كۈنۈتۈن ئوينىسام تانسا ئىسىل جانانلىنى پۇتلاپ ،
چىكىت قويسام گۈزەللەرگە ئىچىمدە نەچچىنى چوتلاپ ،
خۇدىنى بىلمىگەن ھايۋان كەبى بوپلا كېتەي دەپتىم .

كۈلۈپ تۇرسام قىلىپ خوش ـ خوش تۆپەمدە چوڭ ئاتام بولسا،
سىلىپ يوتقان ، تەكىيە قويسام ئەگەر ئۇمۇ زۆكام بولسا ،
چاپانچى ، تەخسىكەش نانچى يېقىن دوستۇم ـ ئۇكام بولسا ،
قولۇمنى كەڭ سوزۇپ تۇرسام توقۇشقا تور ـ موكام بولسا ،
ئاشۇ ئارمان ئۈچۈن ھەتتا جېنىمنى مەن بېرەي دەپتىم .

ئايا دوستلار ، قاراڭ مەندەك زېدەپەس شەرمسار يوقتۇر ،
قېلىنلىقتا يۈزۈم داپتەك نومۇس ۋە ياكى ئار يوقتۇر ،
جاھاندا مەن ئۈچۈن مەنسەپ كەبى ياخشى تۇمار يوقتۇر ،
تەمەيىم ئاشمىسا ئىشقا مېنىڭدەك خارۇزار يوقتۇر ،
بولۇپ بىر جەندىكەش رەزگى چاپاندىن ماز تېرەي دەپتىم .

1991 ـ يىل 2 ـ ئاي

# پەندىيات

( قېينانا تىلىدىن )

ئەي كېلىنچەك ، ھىيلە ـ مىكرىڭ ــ قالغىنىڭدىن پەندىيات ،
ياخشى ئەخلاقنى ـ ھايانى ساتقىنىڭدىن پەندىيات ،
خار قىلىپ ياشلىقنى لايغا پاتقىنىڭدىن پەندىيات ،
گىدىيىپ بويىنۇڭدا شاپتۇل قاققىنىڭدىن پەندىيات ،
ئاغرىتىپ دىلنى چاياندەك چاققىنىڭدىن پەندىيات .

ئۆيگە كەلگەندىن بۇيان ئوغلۇمغا سەن ياتلىق بولۇپ ،
سەن بىلەن بىر كۈنمۇ بىزگە ئۆتمىدى شادلىق بولۇپ ،
مەن ئۆزۈم ئاچچىق بىلىندىم ئامۇتۇم تاتلىق بولۇپ ،
مەھەللىمىزدە باش كۆتۈردۈڭ ھەم « بېشەم » ئاتلىق بولۇپ ،
شۇنچە زور « ئابرۇي ـ ئاتاق »نى تاپقىنىڭدىن پەندىيات .

قىلمىشىڭدىن سەسكىنىپ بەكلا قاتۇردۇم باشنىمۇ ،
ئېرىتەتتى تەربىيەم ئىنسان تۇگۇل بىر تاشنىمۇ ،
ئىچمىدىڭ بۇتناپ ماڭا ، ئالدىڭغا كەلگەن ئاشنىمۇ ،
ھەر كۈنى پەرداز قىلىپ رەڭدە بويايسەن قاشنىمۇ ،
يۈزگە سۈرتكەن ئۇپا ـ ئەڭلىك ، تالغىنىڭدىن پەندىيات .

كيگىنىڭ پۈزۈر ئىگىن ، ئالتۇن گۈلاپكا ئاسقىنىڭ ،
ۋە لېكىن ھەرگىز يۈيۈلمايدۇ مەلەگزە ـ داسقىنىڭ ،
قارىسام قاسماققا لىق تولغان قازانۇقاسقىنىڭ ،
ئۇخلىساڭ قات ـ قات تاۋار يوتقان تېگىڭگە باسقىنىڭ ،
سەمرىگەن ئۈيدەك پۈشۈلداپ ياتقىنىڭدىن پەندىيات .

ئۆز قىزىم دەپ مەن سېنى دىلدىن كۆيۈندۇم ئاي ساڭا ،
بەزىدە يۈرسەمۇ ئاچ ، بەردىم تائام گۆش ـ ماي ساڭا ،
دەملىدىم ھەر كۈنلۈكى ئىچسەڭ ناۋاتنا چاي ساڭا ،
راسلىدىم ھاردىم دېمەي يۇمشاق چىرايلىق جاي ساڭا ،
مەن كەبى ئاق چاچنى قوشقا قاتقىنىڭدىن پەندىيات .

تۇن كەبى كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ، شام ـ چىراغىڭ يوق سېنىڭ ،
قاپقىڭ مۇزدەك سوغۇق ، ئادەم سىياقىڭ يوق سېنىڭ .
يا ماڭا ، يا ئۆزگىگە سەھەت ـ سالامىڭ يوق سېنىڭ ،
قانچە قىلسامۇ ساڭا ياخشى كالامىڭ يوق سېنىڭ ،
ئادىمىيلىكتىن تامامەن تانغىنىڭدىن پەندىيات .

چۆرگىلەپ كۈندە كېلەلمەيسەن بازاردىن ـ رەستىدىن ،
تويدى ئوغلۇم تىل ـ ئاھانەت دەشنىمىڭنىڭ دەستىدىن ،
يا ئۆگەندىڭمۇ جېدەلخورلۇقنى ئىپلاس پەسلىدىن ؟
ئېيتقىنا ، زادى سېنىڭ تەكتىڭ نېمىدى ئەسلىدىن ،
باشقا كۈرمىڭ دەرد ـ ئەلەمنى سالغىنىڭدىن پەندىيات .

دېمىگىن دۇنيادا مەنلا ئۆتىمەن ھاتەم بولۇپ ،
ئاقىۋەت بوغقاي گېلىڭنى قىلمىشىڭ ماتەم بولۇپ ،
كۆزلىرىڭدىن ياش ئېقىتقاي ئالىمىڭ مالەم بولۇپ ،
تاپ ھوشۇڭنى يېڭىۋاشتىن ۋاقتىدا ئادەم بولۇپ ،
بولمىسا پۇشمانغا مەڭگۈ قالغىنىڭدىن پەندىيات .

1991 - يىل 3 - ئاي

# تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈش

ئاچقانتىم تېلېۋىزورنى كەچقۇرۇندا ،
غەلىتە بىر كۆرۈنۈش چىقىپ قالدى .
بىر يىگىت ئېلىپ قىزنى قۇچىقىغا ،
لېۋىگە لېۋىنى چىڭ يېقىپ قالدى .

چوڭ ئوغلۇم چىقىپ كەتتى دالان ئۆيگە ،
كىچىكى خوپ قىزاردى قاراپ يەرگە .
ئۆچۈردۈم تېلېۋىزورنى ئاچچىقىمدا ،
ئۇنىڭغا قارىيالماي چۆمۈپ تەرگە .

ئەخلاقمۇ ، گۈزەللىكمۇ شەھۋانىيلىق ،
ئېكراندا ساتىمىزمۇ كۆيۈشكەننى .
ئېغىزدا ئەمدى ئاق سۈت ئېمىپ تۇرۇپ ،
بالىمىز ئۆگىنەمدۇ سۆيۈشكەننى .

1991 ـ يىل 3 ـ ئاي

# قامچا سالسام

دەيمەن ئەلگە ياقمىغانغا قامچا سالسام ،
ئەتراپىغا باقمىغانغا قامچا سالسام ،
دەيمەن پېتىپ لايغەزەللىك پاتقىقىغا ،
قىلغان ئىشى ئاقمىغانغا قامچا سالسام ،
بولسام دەيمەن سىرداش ، قاياش ياخشىلارغا ،
يامانلىقتىن قاچمىغانغا قامچا سالسام ،
دەيمەن يۇلۇپ تامام ئازغان ـ تىكەنلەرنى ،
گۈل بوپ پۇراق چاچمىغانغا قامچا سالسام .
هالال يېمەي هارامنى يەپ قورساق سېلىپ ،
چاپىنىغا ياتمىغانغا قامچا سالسام ،
ئار ـ نومۇسنى پۇلغا سېتىپ يولدىن ئېزىپ ،
پەس هەۋەسكە قانمىغانغا قامچا سالسام .
ئۆمرى ئۆتكەن لاي سۇ كەبى هېچ مەنىسىز ،
هايات شامى يانمىغانغا قامچا سالسام ،
دەيمەن ئالغا باسسا زامان ، بولۇپ نادان ،
ئۇخلاپ كۆزنى ئاچمىغانغا قامچا سالسام .

1996 ـ يىل 9 ـ ئاي

# نابۇت قىلما ياشلىقنى

بىزار قىلىپ قاقشىتىپ ماڭا ئازار قىلدىڭغۇ ،
ۋاپا قىلسام مەن ساڭا جانغا جاپا قىلدىڭغۇ ،
مىنىۋېلىپ بوينۇمغا ئۈستەل ـ ساپا قىلدىڭغۇ ،
بىر بېشىمغا مىڭلىغان كۈلپەت ئاتا قىلدىڭغۇ ،
چىقىپ تاپتىن ، قىنىڭدىن ئەجەب خاپا قىلدىڭغۇ .

سېنى ئوبدان چوڭ قىلىپ ئەتىۋارلاپ باققانتىم ،
خۇشاللىقتىن لېۋىمنى پېشانەڭگە ياققانتىم ،
پەخىرلىنىپ ئوغلۇم دەپ ئىللىق قۇچاق ئاچقانتىم ،
ئۆزۈم يېمەي يېدۈرۈپ بار مېھرىمنى چاچقانتىم ،
ئۆرۈپ يەرگە ئەجرىمنى ئېغىر گۇناھ قىلدىڭغۇ .

قىلسام پەند ـ نەسىھەت يوق زەررىچە پەرۋايىڭ ،
بىرنى دېسەم ئوننى دەپ ئۇچار شۇئان ئەرۋاھىڭ .
مۇشت كۆتۈردۈڭ نەچچە رەت ئۆرلىگەندە سەپرايىڭ ،
بى نومۇسلۇق ، لۈكچەكلىك بوپتۇ يېقىن ھەمراھىڭ ،
قىلىپ ، ئوغلۇم ، تۇزكورلۇق دىلنى يارا قىلدىڭغۇ .

كىم ئۆگەتكەن بولغىيتتى ئاق چېكىشنى ـ شۇملۇقنى ،
ساتتىڭ ئەرزان ئوغرىلاپ بىساتىمدىن پۇللۇقنى ،

بۇزۇپ ـ چېچىپ يوقاتتىڭ نەچچە ئون مىڭ كويلۇقنى ،
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش كۆرسەتمىدىڭ خوۋلۇقنى ،
ئۆي ئىچىنى قۇرۇقداپ جانغا جازا قىلدىڭغۇ .

تىرىلگەندەك قايتىدىن ئىپلاس جەمشىت لەيلىۋەش ،
قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ بولۇپ قالدىڭ خۇددى لەش ،
جېدەل قىلىپ خەق بىلەن نوچىلىقنى قىلدىڭ پەش ،
بۇلغاپ ۋىجدان ـ ئارىڭنى دىلنى ئەجەب قىلدىڭ غەش ،
خارلاپ شۇنچە ئۆزۈڭنى ئۆتمەس ماتا قىلدىڭغۇ ،

مەست يۈرەرسەن ھەر كۈنى يۈزلىرىڭدە قېنىڭ يوق ،
يىقىلىپسەن يۇندىغا پۇت ـ قولۇڭدا جېنىڭ يوق ،
چاپان ـ چاراڭ كىر ـ قاسماق پاكىزغىنا يېرىڭ يوق ،
دۆگدىيىپسەن سوغۇقتا يەيدىغانغا نېنىڭ يوق .
ئاشپىزۇلىنىڭ ئالدىدا تىلەپ سازا قىلدىڭغۇ ،

ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم شۇ سال ئۇنىڭغا قۇلاقنى ،
نابۇت قىلىپ ئۆمرۈڭنى چىقارمىغىن چاتاقنى ،
تىكلەپ ياخشى پەزىلەت ئۆچەر يامان ئاتاقنى ،
يېڭىۋاشتىن ئادەم بول ، ئېلىپ ئىبرەت ـ ساۋاقنى .
ئويلان ، ئوغلۇم ، يولۇڭدىن ئېزىپ خاتا قىلدىڭغۇ .

1996 ـ يىل 9 ـ ئاي

# بىزار بولدۇم قوشنامدىن

دوستۇم ، ئازراق شىكايەت قىلاي بايان قوشنامدىن ،
سۆزلەپ كەلسەم ھەممە خەق قالار ھەيران قوشنامدىن ،
بارچە سەتلىك - ئەسكىلىك بولغاچ ئايان قوشنامدىن ،
بىزار بولدۇم جاۋىلداق ، بىشەم ، يامان قوشنامدىن ،
خۇيمۇ تويدى بۇ جىنىم ئاشۇ چايان قوشنامدىن .

ئىتتىپاقلىق ، تىنچلىق ئىدى جاننىڭ ئارامى ،
بىراق قوشنام غادىيىپ ئەسلىتىدۇ « مازار »نى ،
بەكمۇ قوپال ، گېپى توڭ ، يۇمشاق ئەمەس كالامى ،
ھېچ كىشىگە يوق ئۇنىڭ ياكى سەھەت - سالامى ،
يېغىپ تۇرار بىر ئاچچىق جۇت - زېمىستان قوشنامدىن .

كىيسەڭ يېڭى ئۇستىۋاش ھەسەت قىلىپ قارايدۇ ،
كىيسەڭ ئەگەر كونىراق غەيۋەت قىلىپ غاجايدۇ ،
يېسەڭ ئەگەر ياخشىراق كالپۇكىنى يالايدۇ ،
توپا ئېلىپ ئىزىڭدىن گاھى ئىشىك مارايدۇ ،
قىلار شۇڭا ئېھتىيات بارچە ئىنسان قوشنامدىن .

ئامراق تەييار ئولجىغا ، ئوۋ ئوۋلىسا قوشى يوق ،
ئېلىشنىلا بىلىدۇ ، بېرىش بىلەن خوشى يوق ،

ھەممە ئۆيدىن تىلەيدۇ بولسا پىياز ، گۆشى يوق ،
يىسە ئوشۇق بىر ناننى ئۇخلىيالماس ھوشى يوق ،
ئاچ كۆزلۈكتە يالمىسا ئاشماس سامان ، قوشنامدىن .

تۆك ئۈندۈرەر تۇخۇمغا كەلسە پۇرسەت ۋاقتىدا ،
بولۇپ دائىم سۇخەنچى گەپ توشۇيدۇ خالتىدا ،
سوقۇشتۇرۇپ كاللىنى ئۆزى يۈرەر دالدىدا ،
بولدى نەچچە شەرمەندە خەلقئالەم ئالدىدا ،
رەزىللىكتە ، قۇۋلۇقتا قالماس شەيتان ، قوشنامدىن .

قوشنا ـ قولۇم ئەپ ئۆتۈش ھاياتلىقنىڭ زىننىتى ،
بىر ـ بىرگە كۆيۈنۈش ياخشىلىقنىڭ نىمىتى ،
ياخشىلىقتىن ئۆسكۈسى ئادىمىيلىك قىممىتى ،
قاچان تۈگەر قوشنامنىڭ ئاشۇ يامان ئىللىتى ،
يامان قىلمىش ـ ئىللەتنى كۈتمەس زامان ، قوشنامدىن .

1996 ـ يىل 10 ـ ئاي

# قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت

ياخشى خىسلەت يوقمىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟
ئاق ـ قارىنى ئۇقمىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

ساختىلىقتا بەسلىشىپ، قاپقان قۇرۇپ قەستلىشىپ،
بىر ـ بىرىنى بابلىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

يۇمۇپ ھەققە كۆزىنى، سېتىپ پۇلغا ئۆزىنى،
ھەققە تۆھمەت چاپلىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

شەپە بەرسە ئۇقمىسا، ئەلنى ئويلاپ قويمىسا،
ھارام يېسە تالمىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

سوۋغا ـ سالام ئالمىسا گەپ قۇلاققا ياقمىسا،
ھە دەپ كاناي ياغلىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

جاپا قىلىپ ۋاپاغا، قويۇپ خەقنى بالاغا،
يۈرىكىنى داغلىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

ئېيتىپ كۆرمىلىك يالغاننى، قايتۇرمىسا ئالغاننى،
قىلغان ۋەدە ئاقمىسا، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت؟

ئاشپۇزۇلدا خام بەرسە ، تارازىدا كەم بەرسە ،
« ناچار » دېمەي ئاقلىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ؟

لاچىن ئالسا سار چىقسا ، كىيىم ئالسا تار چىقسا ،
ساتقان مېلى داتلىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ؟

ئاش ـ نان بېرىپ چوڭ قىلسا ، ئەقىل بېرىپ ئوڭ قىلسا ،
قېرىغاندا باقمىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ؟

كۆپكۆندۈزدە توسۇپ يول ، پىچاق تەڭلەپ ئالسا پۇل ،
ئۆز قىنىغا پاتمىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ؟

خارلاپ قەدىر ـ قىممەتنى ، ساتسا نومۇس ـ ئىپپەتنى ،
پەسكەشلىكتىن قاچمىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ،

ئويلىمىسا مىللەتنى ، تۆگەتمىسە ئىللەتنى ،
قىلچە ھوشىن تاپمىسا ، قېنى ئىنساپ ـ دىيانەت ؟

1996 ـ يىل 10 ـ ئاي

# تويي قىلىپ

بولدى قوشنام خۇددى خاقان تويي قىلىپ ،
تويدا ئاچتى كەگرى ئالىقان تويي قىلىپ .
تىكلىمەكچى بولدى ئابرۇي قايتىدىن ،
مەقسىتى ئالماقچى « ئۇنۋان » تويي قىلىپ .
يازدى باغاق يۇرت ـ مەھەللە ، ھەممىگە ،
ئۆيمۇئۆي تارقاتتى چاپسان ، تويي قىلىپ .
كەلدى تويغا ئالا قالماي ھەممىسى .
بولدى مىڭ ـ مىڭ ھويلا ـ ئايۋان ، تويي قىلىپ .
سېخىيلىق كۆرسەتتى قوشنام باشتىلا ،
سويدى قاسساپ ئالتە پاقلان ، تويي قىلىپ .
قايىندى داشتا پورۇقلاپ گۆش ـ پولۇ ،
قويدى ئاشپەز نەچچە قاسقان ، تويي قىلىپ .
توختىماي ئۇستام كاۋاپنى يەلپۈدى .
چاچتى خۇشبۇي ھىد كاۋاپدان ، تويي قىلىپ .
قەنت ـ گېزەك ۋە يەل ـ يېمىشلەر بولدى مول ،
سالدى قوشنام كاتتا داستىخان ، تويي قىلىپ .
كەتتى مەيدىن ، پىۋىدىن ئاتمىش يەشىك ،
ئىچكىنىنى قۇستى مېھمان ، تويي قىلىپ .

يوق قورساق ئاشقان تائامنى يېگىلى ،
يۇندىغا تاشلاندى ئاش ـ نان ، توي قىلىپ .
چىقتى ياڭراپ ساز ـ ناۋامۇ ئەۋجىگە ،
ناخشىنى ئېيتتى غەزەلخان ، توي قىلىپ .
يانچۇقنى كولىشىپ بايۋەچچىلەر ،
ئۆرۈدى جىق پۇلنى شۇئان ، توي قىلىپ .
بولدى خامان زەللە ، سوۋغات بىھېساب ،
ئاچتى قوشنام يېڭىدىن « كان » ، توي قىلىپ .
نەقەدەر كۆپ قىز ـ يىگىتنىڭ شادلىقى ،
ھەممە خەقنى قىلدى ھەيران ، توي قىلىپ .
ماڭدى پىكاپلار ئۇزۇلمەي كوچىدا ،
كۆتۈرۈلدى كۆلكە ـ چۇقان ، توي قىلىپ .
گىدىيىپ قوشنام ھەشەمەت پەيزىدىن ،
دېدى : « ئىشقا ئاشتى ئارمان » ، توي قىلىپ .
توي ۋە چىللاق نەچچە كۈن قىلدى داۋام ،
ئەمما تەندىن كەتتى دەرمان ، توي قىلىپ .
تېشىدا ئويناپ ھېيتنى قوشنىمىز ،
روزا تۇتتى ئەمدى پىنھان ، توي قىلىپ .
قالمىدى ھەميانىدا ئۇن ـ ياغقا پۇل ،
ئۆي ئىچىدە ئۇچتى بوران ، توي قىلىپ .
تۇگىتەر بىچارە قانداق قەرزىنى ؟
پۇتقا قىسقا كەلدى يوتقان ، توي قىلىپ .
ئۆتمىگەن گالدىن بۇرۇن لەگمەن ، پولۇ ،

ئىچسە ھازىر ئۆتتى يوبدان ، توي قىلىپ .
قىينىلىپ ئىسراپچىلىقنىڭ دەردىدىن ،
قايتا - قايتا يېدى پۇشمان توي قىلىپ .

1996 - يىل 10 - ئاي

# باشلىق بولدۇم

باشلىق بولدۇم، تەبرىكلىدى ئۇققانلار
( زىياپەتتە ماڭا رومكا تۇتقانلار ) .
تۇغقانلىرىم كۆپ ئەمەستى ئەسلىدە،
ئاۋۇالقىدىن ئاۋۇپ كەتتى تۇغقانلار .

باشلىق بولدۇم، يولدا ماڭدىم غادىيىپ،
كۆرسە تەزىم قىلمىغانغا ئالىيىپ .
ئاستا - ئاستا شاياتۇنغا ئايلاندىم،
چاڭ - توزاندىن كەتتى قەلبىم قارىيىپ .

باشلىق بولدۇم، تاپتىم ئابرۇي - ئاتاقنى،
دەرد ئېيتقانغا ئېتىۋالدىم قۇلاقنى .
كېتىۋەردىم ئۆز مەيلىمچە يولۇمغا،
قوبۇل قىلماي تالاي ئاچچىق ساۋاقنى .

باشلىق بولدۇم، باستىم ھەدەپ ئاۋامنى،
ئەدەپلىدىم كىمكى ئاچسا يارامنى .

بارسام خىزمەت تەكشۈرگىلى تۆۋەنگە،
قايتىپ كەلدىم يەپ زىياپەت - تائامنى.

باشلىق بولدۇم، ساختىپەزلىك قولدىشىم،
قىزنقارلىق يۈقىرىنى گوللىشىم.
ساقلاپ كەلدى مەرتىۋەمنى - ئورنۇمنى،
كۆزنى بوياپ يالغان دوكلات يوللىشىم.

باشلىق بولدۇم، بوسۇغىلارغا كەپ تۇردۇم،
زەللە - سوۋغات ئېلىپ كەلدىم دەپ تۇردۇم.
نەمۇنىچى باھالىنىپ ھەر يىلى،
مۇكاپاتنى يانچۇقۇمغا سەپ تۇردۇم.

باشلىق بولدۇم، چىقتىم ئېگىز ئورۇنغا،
گۆش يىغىلدى قورساق، يوتا، بويۇنغا.
ئەمەل تۇتماق نېمىدېگەن ياخشى ھە!
ياللىۋالدىم ئۈچ مالايىنى خوتۇنغا.

باشلىق بولدۇم، بەزىلەرگە بولدۇم ئوت،
بەزىلەرگە گويا نەشتەر، ئاچچىق جۇت.
تەخسكەشنى ئالدىم پۈۋلەپ بېشىمغا،
گەدەنكەشكە پەيتى كەلسە قويدۇم پۇت.

باشلىق بولدۇم، كىملىكىمنى تونۇتتۇم،
ئار - نومۇسنى دىيانەتنى ئۇنتۇدۇم.
بىراق يەنە بار بىر ئەنسىز تەشۋىشىم،
قىلمىشىمدىن يىلتىزىمنى قۇرۇتتۇم.

باشلىق بولدۇم، چايان بولدۇم زەھەرلىك،
قىلغۇلۇقنى قىلىۋالدىم يېتەرلىك.
تۇرار ئەنە كۈتۈپ مېنى ھالاكەت،
كېلىپ قالدىم يار لېۋىگە خەتەرلىك.

1996 - يىل 10 - ئاي



# قاغىدۇق ۋە ماختىدۇق

ئۇ ھايات چاغدا قاغىدۇق ، سۆكتۇق ،
تەرەپ - تەرەپتىن ئۇتقاندەك ئوققا .
« ئىقتىدارى يوق ، يارامسىز » دېدۇق ،
تۆھپىسىنىمۇ چىقاردۇق يوققا .

خارلىدۇق ئۇنى ، سېسىتتۇق ئۇنى ،
توقۇپ تۆھمەتنى سالدۇق كۆپ ئازاب .
باستۇق بېشىنى كۆتۈرسە ئېگىز ،
قۇرۇق ئۇستىخان قىلدۇق ھەم غاجاپ .

ئۇ قازا قىلدى كەلدۇق ھازىغا ،
يىغلاپ ئۆتكۈزدۇق ماتەم - تەزىيە .
ماختىدۇق راسا كۆتۈرۈپ كۆككە ،
يېزىپ بىر تالاي شېئىر - مەرسىيە .

« بەرگەي تەڭرىمىز جەننەتتىن ئورۇن ،
روھىڭىز تاپقاي ئامانلىق » دېدۇق .
« ساقلىنار دىلدا ئۆچمەس تۆھپىڭىز ،
بولىمىز سىزدەك يارامىلىق » دېدۇق .

قاغىدۇق ئۈنى تۇرغاندا هايات ،
ماختىدۇق ئۈنى كەلگەندە مامات .
بىزگە شۇ ئادەت بولغانمۇ ئۇدۇم ،
بۇ ئىشتىن قاچان قىلارمىز ئۇيات !

1996 ـ يىلى 11 ـ ئاي



## شائىر ئەمەس شېئىر زاۋۇتى

كۈندە تالاي شېئىر يازاي دەپ ،
ئۆز كۆڭلۈمدە تۈزىمەن پىلان .
يازغىنىمنى ژۇرنال - گېزىتتە ،
ئۈزۈلدۈرمەي قىلىمەن ئېلان .

دەيدۇ خەقلەر شېئىرىمنى ئوقۇپ ،
« بۇ شائىرنى قويايلى نوقۇپ .
بەتنى بوياپ نېمە تاپاركىن ،
شېئىر ئەمەس ، شوئارنى توقۇپ » ،

نەپ بەرمەسكەن ئەلگە قۇرۇق شاخ ،
گەر بولمىسا مېۋە ـــ ئامۇتى .
شۇڭا مېنى دېسە بولغۇدەك ،
شائىر ئەمەس شېئىر زاۋۇتى .

1996 - يىل 11 - ئاي

## سەھنىدە

كۆرسەم دەيتتىم بىر ياخشى ماھارەتنى سەھنىدە ،
دىلغا ئوتنى ياققۇدەك ھارارەتنى سەھنىدە .

رىياسەتچى ماختىسا سىنى « داغدار چولپان » دەپ ،
دەپتىمەنكى بىر كۆرەي كارامەتنى سەھنىدە .

چىقتىڭ شۇئان غادىيىپ تاماشىبىنىن ئالدىغا ،
ھىچ كۆرمىدىم بىر ياخشى سالاپەتنى سەھنىدە .

« سۆيدۇم » بىلەن باشلىدىڭ « كۆيدۇم » بىلەن تۈگەتتىڭ ،
ناخشا بۇ دەپ بىر لاۋزا كاساپەتنى سەھنىدە .

چىقىپ زالدا غۇلغۇلا ، سالدى چۇقان خەق تولا ،
توۋلاۋەرسەڭ شۇ كونا راپاۋەتنى سەھنىدە .

ئاڭلىمىسا ياقتۇرۇپ ، كېتەلەمتىڭ ئاقتۇرۇپ ،
« سۆيدۇم ، كۆيدۇم » بىلەنلا تاپاۋەتنى سەھنىدە .

چۈشكۈنلۈكنى يامرىتىپ قۇلاقنى بەك ئاغرىتىپ ،
ئۆز - ئۆزۈڭگە قىلمىغىن ھاقارەتنى سەھنىدە .

ئۆگەن ـ ئىزدەن تىرىشىپ، بول يارامىلىق سەنئەتكار،
ئەمدى قايتا ئۇرغۇتقىن جاسارەتنى سەھنىدە.

1996 ـ يىل 11 ـ ئاي

# تۇپا باستى

( كىتابنىڭ زارى )

گۈزەللىكىم ـ زىننىتىمنى تۇپا باستى ،
مۇقاۋامنى ، يۈز ـ بېتىمنى تۇپا باستى .
قانچە يىللاپ ياتتىم كىتاب ئىشكاپىدا ،
دانە ـ دانە زەر خېتىمنى تۇپا باستى .

ئوتلۇق يۈرەك قېنى بىلەن يېزىلغانتىم ،
تالاي ـ تالاي ئەجىر بىلەن بېسىلغانتىم .
گۆھەرلەرنىڭ قاتارىغا تىزىلغانتىم ،
شۇ بىباھا قىممىتىمنى تۇپا باستى .

چاڭقىغانغا پۈتمەس دەريا ـ دېڭىز ئىدىم ،
چۆشەنگەنگە بەك ئەتىۋار ئەزىز ئىدىم .
شاخلىرىمدا مېۋەم تولا لەزىز ئىدىم ،
ئاشۇ شېرىن نېمىتىمنى تۇپا باستى .

چىراغ ئىدىم دىلنى روشەن يورۇتقىلى ،
نادانلىقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتقىلى .

خەقلەر مېنى خېلى بولدى ئۇنتۇغلى ،
خەزىنەمنى ــ ھېكمىتىمنى توپا باستى .

بولدىمۇ خەق ئەيش ـ ئىشرەت پەرۋانىسى ،
نەپسىنى دەپ داۋام بايلىق مەستانىسى .
بولدىمۇ يا ھىيلە ـ نەيرەڭ دىۋانىسى ،
پۇل ئالدىدا ھىممىتىمنى توپا باستى .

قىممىتىمنى بىلسە خەقلەر خارلىنامايتتىم ،
ئوقۇپ مەندىن بىلىم ئالسا زارلىنامايتتىم .
روھى نامرات بولمىسىلا دادلىنامايتتىم ،
تۆكمەس ئىدىم كۆز يېشىمنى ، توپا باستى ،

1996 ـ يىل 11 ـ ئاي

## «روھي گادايكەنسەن» دېدى

ماختىنىپ، بولدۇم ئەجەبمۇ باي دېسەم،
ئىچىشىم ھەر كۈنلۈكى قەنت چاي دېسەم.
پۇل تېپىپ قىلدىم قازاننى ماي دېسەم،
خەق مېنى: «پۇلغا مالايكەنسەن» دېدى.

يىنتى نامرانلىق نېرى قاچتى دېسەم،
تۇرمۇشۇم گۈلدەك چىراي ئاچتى دېسەم.
گۈللىرىم خۇشبۇي پۇراق چاچتى دېسەم،
«گۈل ئەمەس، چوڭ دەشتۇسايكەنسەن» دېدى.

مەن ساۋاتسىز تونۇمايمەن خەت دېسەم،
ئاچمىدىم كىتاب ـ گېزىتنى بەت دېسەم.
يوقمىدى جىسمىمغا پەن ـ ھېكمەت دېسەم،
«باي ئەمەس، روھي گادايكەنسەن» دېدى.

1996 ـ يىل 11 ـ ئاي

# تويدىكى پاراڭلار

مەھەللىدىن تويغا كەلگەنلەر ،
توي ھەققىدە قىلىشتى پاراڭ .
دېدى بىرسى : « مۇشۇمۇ ئىشمۇ
نېمىدېگەن داغۋازلىق ، قاراڭ ؟

نەدىن كەلدى ئەلگە بۇ ئاپەت ،
نەدىن كەلدى بۇ تەتۈر قويۇن ؟
كەتمەن ، تاغار ، ئۆزۈڭدە بىلەن
توي قىلغانتۇق نەچچە يىل بۇرۇن . »

بىرسى دېدى : « يېگەن ئىدۇققۇ ،
يارغۇنچاقتا يارمىنى تارتىپ .
نېمە كەپتۇ مەنمەنچىلىكتىن ،
بۇنچە يۈكنى يەلكىگە ئارتىپ ؟

ئۇنتۇدۇقمۇ قىشنى ـ ئايازنى ،
كۆرگەن چاغدا باھارنى ، يازنى .
بىز ئاشۇنداق ھاماقەت خەقمۇ ؟
بىر نان تاپساق چالىمىز داپنى » .

1996 ـ يىل 11 ـ ئاي

# ئۆي سالدىم

سىياسەتكە، قانۇنغا باقماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم،
پېشانەمدىن زەررە تەر ئاقماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

خەق ئۆي سالسا تۆت پۇڭغا، ئىگىلىدىم بەش مو يەر،
مېتىرلىماي، قوزۇقنى قاقماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

كەلدى نۇرغۇن سېمونت، خىش ـ كېسەكلەر بىكارغا،
بورا، ۋاسا، ياغاچ ـ تاش ئالماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

كارامەتنى كۆرسەتسە ھۈنەر قىلىپ ئۇستىلار،
قولنى پۇل بار يانچۇققا سالماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

نەچچە ئادەم ئاچ يۈرۈپ قىلسا ماڭا ھەقسىز ئىش،
تويغۇدەك نان ئوچاققا ياقماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

قىلدىم كاتتا ئىمارەت نەچچە يەرگە چىرايلىق،
ئىشنى رۇسلاپ جايىدا چانماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

شورىسامۇ قان، يىلىك بۇ ئىش ماڭا قانچىلىك،
ئاچ كۆز نەپسىم هارامغا قانماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم.

قىلچە پەرۋا قىلمىدىم بولسا خەقلەر نارازى ،
ئىپلاس يامان پەيلىمدىن يانماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم .

دىيانەتنى بويلىماي ، ئاقىۋەتنى ئويلىماي ،
باشلىق مەن دەپ تېرەمگە پاتماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم .

ۋاراقلىسا كىتابنى ، ئالسا بىر كۈن ھېسابنى ،
شۇ ھېسابقا جاۋابنى تاپماي تۇرۇپ ئۆي سالدىم .

1996 - يىل 12 - ئاي

# پۇل بولسا

ئاقساق ـ چولاق بولساممۇ چاپالايمەن پۇل بولسا ،
دېڭىزغىمۇ تۇۋاقنى ياپالايمەن پۇل بولسا .

ھېچنېمىنى پوش دېمەي كۆزۈم ئەما بولسىمۇ ،
قاراڭغۇدا يىڭنىنى تاپالايمەن پۇل بولسا .

چىقىرىمەن ئېگىزگە بەزىلەرنى ئۇچۇرۇپ ،
بەزىلەرنى چاياندەك چاقالايمەن پۇل بولسا .

ئالىقاننى كەڭ ئېچىپ قىلالايمەن « خوش ـ خوش »نى ،
باشلىقىمنىڭ كۆڭلىگە ياقالايمەن پۇل بولسا .

ئاقنى قارا ، قارىنى قىلالايمەن يەنە ئاق ،
رەزىللىككە ، پەسلىككە پاتالايمەن پۇل بولسا .

ھاياتلىقىم ـ جېنىممۇ ئەمەس پۇلدىن ئەتىۋار ،
ۋىجدانىمنى ـ ئارىمنى ساتالايمەن پۇل بولسا .

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي

# ھەقنى ھەق دېسەم

بەتنىيەتلەر چاياندەك چاقتى ھەقنى ھەق دېسەم ،
كۆزلىرىمدىن قانۇياش ئاقتى ھەقنى ھەق دېسەم .

تۇرغۇزۇلدۇم رەتكە مەن ھەم قېقىلدىم چەتكە مەن ،
گۇپپاڭچىلار چالما ـ تاش ئاتتى ھەقنى ھەق دېسەم .

چېكىپ كۇرمىڭ رىيازەت ، بولدى ماڭا قىيامەت ،
تىكەن ـ شوخا تاپانغا پاتتى ھەقنى ھەق دېسەم .

تەرنى تۆكۈپ ئىشلىسەم ، يوق ھېچنىمەم چىشلىسەم ،
ھوسۇلۇمنى ھايانكەش ساتتى ھەقنى ھەق دېسەم .

ئېشىپ ئارقان پۇختىلاپ ، تۇمشۇقۇمنى نوختىلاپ ،
كالا قىلىپ ساپانغا قاتتى ھەقنى ھەق دېسەم .

مەيلى ئوتتا كۆيگىنىم ، ئادالەتتۇر سۆيگىنىم ،
ئىرادەمۇ تاۋلىنىپ قاتتى ھەقنى ھەق دېسەم .

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي

# كارىم يوق

باغدا بۇلبۇل سايرىماي چەكسە پىغان كارىم يوق ،
قانات قېقىپ زاغ ـ قۇزغۇن قىلسا خەندان كارىم يوق .

ئۈچ ۋاخ قورساق توقلىسام ، بەخىرامان ئۇخلىسام ،
هەتتا غۇلاپ بېشىمغا چۈشسە ئاسمان كارىم يوق .

ئۇستىرامنى كاپلىسام ، خەقنى شۇلسام ، بابلىسام ،
نامراتلىشىپ باشقىلار بولسا ۋەيران كارىم يوق .

بايۋەچچىمەن باغرى تاش ، ئىشىك تاقاپ يەيمەن ئاش ،
تالاي ئاچنىڭ كۆزىدىن ئاقسا ياش ، قان كارىم يوق .

قۇرۇپ نوتا ـ كۆچەتلەر ، بولۇپ نابۇت چېچەكلەر ،
خۇشبۇي لالە ئورنىغا ئۈنسە ئازغان كارىم يوق .

تۆكمەي زەررە تەرىمنى ، ئۈپراتمايمەن جىنىمنى ،
پاخال بولۇپ خامىنىم چىقمىسا دان كارىم يوق .

قوللىمايمەن توغرىنى ، ئۈركۈتمەيمەن ئوغرىنى ،
نىقابلىنىپ بۆرىلەر بولسا پاقلان كارىم يوق .

چېكىپ ئاقىل نادامەت كۆمۈلۈپ ھەق - دىيانەت،
ئۆز - ئۆزىنى ھاماقەت دېسە خاقان كارىم يوق.

سېلىپ دىلغا جاراھەت تېرىپ غوۋغا ئاداۋەت،
كەتسە يامراپ ئارىغا پىتنە - يالغان كارىم يوق.

كەلسەم خەتەر ئالدىغا مۆكۈنمەن دالدىغا،
باشقا كىيسە كوچىنى توڭگۇز - قاۋان كارىم يوق.

دوراپ قېرى تۈلكىنى، ساختا سىرلىق كۈلكىنى
لەببەيچىلەر ئۆزىگە قىلسا قالقان كارىم يوق.

ئورۇن ساقلاپ لىڭشىماي ياشاپ كەلدىم غىڭشىماي،
مۈشۈكۈمنىڭ بوينىغا مىنسە چاشقان كارىم يوق.

يۇتسام ئوغا - زەھەرنى، يېدىم دەيمەن شېكەرنى،
جان ئاغرىتىپ تېنىمنى چاقسا چايان كارىم يوق.

تىلەپ شۇملۇق بالانى، بۇلغاپ سۈزۈك ھاۋانى،
بەتنىيەتلەر سورۇسا ئەخلەت - سامان كارىم يوق.

يوق مېنىڭدە نومۇس - ئار مەيلى بولسام شەرمسار،
رەزىللىككە، پەسلىككە پاتسا ۋىجدان كارىم يوق.

بىلسەڭ شۇنداق ئادەممەن ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھاتەممەن ،
مەيلى تەتۈر ، مەيلى ئوڭ بولسا جاھان كارىم يوق .

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي

## تىلدا دىيانەت، دىلدا خىيانەت

تىلىمنىڭ ئۇچىدا دىيانەت،
دىلىمدا بار ئاڭا خىيانەت.
چىل بۆرە ھوۋلايدۇ ئىچىمدە،
تېشىمدا ئادىمىي قىياپەت.

توۋلايمەن چىرىكلىك يامان دەپ،
ياپمايمەن ئۇنىڭغا چاپان دەپ،
قالمايدۇ چىرىكلەر ئامان دەپ،
ئەمەسمەن ئۇنچىلا ھاماقەت.

قىلسامۇ سۆزۈمگە خىلاپلىق،
ئىشلىرىم يۈرۈشەر پىلانلىق،
ۋىجدانىم يۇندىغا چىلاقلىق،
جاھاندا يوق مەندەك نىجاسەت.

زەن سالساڭ ئاجايىپ گۇمپام بار،
بېشىمدا خان تاجىم پوسىمام بار،
قېشىمدا چىرايلىق ئوسىمام بار،
بار مەندە رەڭۋازلىق ماھارەت.

چىقىدۇ نېسىۋەم سومكىدىن ،
ئىچىمەن مەي ـ شاراب رومكىدىن ،
چىقمايمەن رېستوران ـ بوتكىدىن ،
مەن ئۆچۈن تەيياردۇر زىياپەت .

سوۋغاتنى ، پارىنى ئەپ تۇرۇپ ،
ھە دېسە چۆنتەككە سەپ تۇرۇپ ،
ھارامنى تويغۇچە يەپ تۇرۇپ ،
چوشقىدەك سەمرىدىم نىھايەت .

پاش بولۇپ ئاقىۋەت قىلمىشىم ،
ئايلاندى زەھەرگە نان ـ ئېشىم ،
تاراملاپ ئاقتىغۇ كۆز يېشىم ،
قويىنىغا ئالغاندا ھالاكەت .

1996 ـ يىل 12 ـ ئاي

# بۇزۇق

دوپپا كىيدىم قۇلاققىچە بېشىم بۇزۇق ،
خوخا سىقىپ ئۇسما قويدۇم قېشىم بۇزۇق ،
رەڭۋازلىقنى قىلدى نىقاب قىياپىتىم ،
چاچ تارىسام چۆچىكىمدە يېلىم بۇزۇق ،
دىيانەتتىن كىيدىم چاپان پارقىرىتىپ ،
قىلدىم ئاگا خىيانەتنى ئىشىم بۇزۇق .
داۋراڭ سالدىم پونى ئېتىپ ھالاللىقتىن ،
ھارام كەلسە ، پوش ! دېمىدىم گېلىم بۇزۇق ،
چانغىنىم يوق گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپ ،
پاختا بۇ دەپ يىپنى ئەشسەم مېزىم بۇزۇق .
ئەلگە تەڭلەپ ھىيلە ـ مىكىر شارابىنى ،
زاكوسكىغا سەي قورۇسام يېغىم بۇزۇق ،
دەيمەن تېخى قامىتىم زور ، سايەم يوغان ،
پورتىبرەكمەن قاقشال غولۇم ـ شېخىم بۇزۇق ،
كۈندۈز ئادەم ، ئاخشىمى جىن بولالايمەن ،
ماڭغان يولۇم قاپقاراڭغۇ ، ئىزىم بۇزۇق .
كۆرۈنمەن خامان سورۇپ ئىشلىگەندەك ،
تاغىرىمغا يىغسام پۇچەك دېنىم بۇزۇق .

قازدىم ئەجەل ئورىسىنى ئۆز - ئۆزۈمگە ،
مېنىڭ شۇنداق كېسىلىم بار قېنىم بۇزۇق .

1996 - يىل 12 - ئاي

# ئۆسمە

« ئەمەت شەرەپ قوچۇپتۇ » دېسە ،
قاتار مېنىڭ قاپىقىمدا مۇز .
« سەمەت كۆكتە ئۇچۇپتۇ » دېسە ،
ئېچىشتۇرار يۈرىكىمنى تۇز .

« مامۇت خېلى باي بوپتۇ » دېسە ،
دەيمەن : « قۇرۇپ كەتسۇن بايلىقى .
بىر يىل بۇرۇن تىلەمچى ئىدى ،
يېڭىلاندى ئەمدى قالپىقى » .

« داۋۇت باشلىق بولۇپتۇ » دېسە ،
پۇت - قولۇمدىن چىقىدۇ جېنىم .
« ساۋۇت خۇشال بولۇپتۇ » دېسە ،
ئاچچىقىمدا قاينايدۇ قېنىم .

ئازابلايدۇ ئەجەبمۇ مېنى ،
خۇشال - خۇرام يۈرەلمەسلىكىم .
يا ئىچىمدە قۇترامدۇ چايان ،
نېمىدىندۇر كۆرەلمەسلىكىم ؟

هه دېسلا كۈتمەن پۇرسەت ،
باشقىلارنى بېسىۋەتكىلى .
شۇ خەتەرلىك ئۆسمەمنى مېنىڭ
ئامال يوقمۇ كېسىۋەتكىلى ؟

1997 ـ يىل 1 ـ ئاي

# قويمىچىغا

قىلمىشىڭدىن باشلىدىم شىكايەتنى، قويمىچى،
يەرگە ئۇردۇڭ ئىنساپنى ـ دىيانەتنى، قويمىچى،
ئۆگەنگەنتىڭ سەن نەدىن «تىجارەت»نى، قويمىچى،
يۇكلىۋالدىڭ مۇرەڭگە جىنايەتنى، قويمىچى،
كۆرمىگەنتىم سەن كەبى نىجاسەتنى، قويمىچى.

ئالداپ ئېلىش كەسپىڭمۇ خەقنىڭ پۇلى ـ مۈلكىنى،
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتىڭ ئالماشتۇرۇپ بۆكىنى،
يېقىنلاشساڭ ئۇقماستىن كۈلۈپ يالغان كۈلكىنى،
كاچاتلىساڭ مۇرەمگە دوست دەپتىمەن تۈلكىنى،
سەزمەپتىمەن سەندىكى قىياپەتنى، قويمىچى.

ماختاپ مېنى بىرھازا «سەن جىگەرلىك ئەر» دېدىڭ،
«ئاچ قولۇڭنى مەن ئۈچۈن قورسىقىڭنى كەر» دېدىڭ،
«قەرز ئالاي سېنىڭدىن ئون مىڭ يۈەن بەر» دېدىڭ،
«بېرەلمىسەم ۋاقتىدا بۇرۇتۇمنى تەر» دېدىڭ،
بەردىڭ ماڭا مۆھلەتنى ـ كاپالەتنى، قويمىچى.

«پۇل يوق» دېسەم، كەچلىكى رېستورانغا باشلىدىڭ،
زىياپەتچۈن يۈز كويىنى خوجايىنغا تاشلىدىڭ،

تۇتۇپ ماڭا رومكىنى گەدىنىڭنى قاشلىدىڭ ،
تولا كاپىشىپ يالۋۇرۇپ كۆزلىرىڭنى ياشلىدىڭ ،
ئىشقا سالدىڭ چاندۇرماي « ماھارەت »نى ، قويمىچى .

مەستلىكىمدە ئىشىنىپ يۇمشاق گېپىڭ ـ پاختاڭغا ،
دەسسەپ قاپقان ـ تۇزاققا كېتىپتىمەن ساختاڭغا ،
ئېرىپتىمەن بىردىنلا چۈشۈپ ئالدام خالتاڭغا ،
بېرىپتىمەن ئون مىڭ يۈەن سەندەك قۇرۇق سالتاڭغا ،
دېدىم : ئازراق قىپ قوياي شاپائەتنى ، قويمىچى .

يۈتۈپ مۆھلەت ئاخىرى سېنى نەچچە ئىزدىدىم ،
تالاي قېتىم ئۇچرىشىپ ، پۇلنى قايتۇر تېز دېدىم ،
گېپىڭ گەپمۇ ئەمەسمۇ ۋەدىلەشكەن بىز دېدىم ،
جاڭجاللاشساق دىللاردا قالمسۇن داغ ـ ئىز دېدىم ،
قىلدىڭ بىراق لەۋزىڭگە خىيانەتنى ، قويمىچى .

پۇلنى مەندىن ئالاردا ئىدىڭ ئۆتكۈر بېگىمزدەك ،
بولۇپ قالدىڭ بېرەردە خۇددى لاتا ، كىگىزدەك ،
خوپ تاتاردى چىرايىڭ قانسىز چالما ـ سېغىزدەك ،
دېدىڭ:«بەش ئاي سەۋر قىل»، سۆزۈڭ تاتلىق مېغىزدەك،
كۆرسەتكىلى باشلىدىڭ كارامەتنى ، قويمىچى .

ئۆتۈپ كېتىپ بەش ئايمۇ يەنە بەش يىل سۆرىدىڭ ،
« پۇل يوق ساڭا بەرگىلى جاننى ئال » دەپ مۆرىدىڭ ،
« ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق » دەپ يانچۇقنى ئۆرىدىڭ ،
تاكاللاشسام ھۆرپىيىپ چاپىنىڭنى چۆرىدىڭ ،
تۆكۈۋەتتىڭ بېشىمغا مالامەتنى ، قويمىچى .

ئون مىڭ كويچۇن پايپاسلاپ يۈز مىڭ كويلۇق ماڭدىم يول ،
كەشىم ئاجراپ پاشىنىدىن جەبىر ـ جاپا كۆردۈم غول ،
بويۇن بەرمەي مۆكۈشمەك ئويناپ مېنى قىلدىڭ گول .
دېدىم : ئىسىت ! نېمىشقا قويمىچىغا بەردىم پۇل ،
ھېچكىم مەندەك چەكمىگەي رىيازەتنى ، قويمىچى .

ئۆتتى يەنە نەچچە يىل ھېچ كۆرمىدىم قارىڭنى ،
ياقا يۇرتقا قېچىپسەن تاشلاپ ئاتا ـ ئاناڭنى ،
سەن توغرۇلۇق جامائەت قىلدى ھەر خىل پاراڭنى ،
پۇلنى شۇنداق يەپ كەتتىڭ خۇدا بەرگەي جاجاڭنى ،
يۈرىكىمدە قالدۇردۇڭ جاراھەتنى ، قويمىچى .

دەپ باققىنا ، ئەي نامەرد ، قېنى سېنىڭ ۋىجدانىڭ ؟
چىقتىڭ تاپتىن ، قىنىڭدىن، غالىب كېلىپ شەيتانىڭ ،
كۈندە ئامەت يوق ساڭا كېلىشۋەرمەس دەۋرانىڭ ،
نېمە دەرسەن ئاقىۋەت توشقان چاغدا پەيمانىڭ ،
ئۆز ـ ئۆزۈڭگە چىللىدىڭ ھالاكەتنى ، قويمىچى .

بولسۇن ئىبرەت ، خالايىق ، سىزگە ئۇشبۇ يازغىنىم ،
ئوچۇق تۇرۇپ ئىككى كۆز چاڭ ـ توزاندا ئازغىنىم ،
ساۋاق بولسۇن ئالدىنىپ دەرد ـ ئەلەمگە پاتقىنىم ،
پەخەس بولماي مەككاردىن باشقا بالا تاپقىنىم ،
بابلايدىكەن مەن كەبى ھاماقەتنى قويمىچى .

1997 ـ يىل 2 ـ ئاي

# بىزنىڭ ئىشخانا

ۋىۋىسكىدا ھەممىنىڭ شاھى بىزنىڭ ئىشخانا ،
خورەك تارتىپ ئۇخلاشنىڭ جايى بىزنىڭ ئىشخانا .

بىرسى ناخشا ئوقۇيدۇ ، بىرسى ياغلىق توقۇيدۇ ،
پىتنە ـ پاسات غەيۋەتنىڭ كانى بىزنىڭ ئىشخانا .

ئىشلەپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت چىقىپ كەتسەك رەستىگە ،
چۈشتىن كېيىن ئىچىلماس گاھى بىزنىڭ ئىشخانا .

ئىشىك چېكىپ قاقشايدۇ ھاجەت ئۈچۈن كەلگەنلەر ،
قىلالمايدۇ ئاممىنى رازى بىزنىڭ ئىشخانا .

توشۇپ كەتكەن ئىچىگە قەغەز ، شۆپۈك ، چاڭ ـ توزان ،
بولماس پاكىز ھەم رەتلىك زادى بىزنىڭ ئىشخانا .

يوق خىزمەتكە كۆيۈنۈش ، ئۆز كەسپىدىن سۆيۈنۈش ،
بولدى شۇڭا ئورۇقلاپ داقى بىزنىڭ ئىشخانا .

كۈن ئۆتكۈزۈپ باقتۇق جان ، تەرنى تۆكمەي يېدۇق نان ،
بولار قاچان ئىللەتتىن خالىي بىزنىڭ ئىشخانا .

1997 ـ يىل 2 ـ ئاي

# چەكمگەن

نەسھەت قىلدىم ساڭا مەن ، ئەي ھاماقەت ، چەكمگەن ،
چەكمگەن دەپ نەچچە رەت قىلدىم دالالەت ، چەكمگەن ،
سالدى باشىڭغا بالا ئىپلاس قاباھەت ، چەكمگەن ،
سېنى ۋەيران ئەيلىدى ۋەھشىي كاساپەت ، چەكمگەن ،
ئۆرتىدى قەلبىڭنى ، ئۇ قىلدى جاراھەت ، چەكمگەن .

پاك غۇرۇر ، ۋىجدان بىلەن ئۆتكەن ئىدى ئەسلىك سېنىڭ ،
شوخ ئىدىڭ ، خۇشخۇي ئىدىڭ ، ئاتەش ئىدى تەپتىڭ سېنىڭ ،
ئاي ئىدى چېھرىڭ سېنىڭ ، گۈلدەك ئىدى ئەپتىڭ سېنىڭ ،
تاغ ئىدى ، مەزمۇت ئىدى ، قاۋۇل ئىدى بەستىڭ سېنىڭ ،
نەگە كەتتى شۇ چىرايلىق قەددى ـ قامەت ، چەكمگەن .

ئازدۇرۇپ توغرا يولۇڭدىن « ئاق » دېگەن شەيتان سېنى ،
قىلدى نابۇت ياشلىقىڭنى ، ئەيلىدى پايخان سېنى ،
كۈنسېرى پاتقاققا پاتتىڭ ، كىم دېگەي ئىنسان سېنى ،
باغ ئىدىڭ گۈللەرگە تولغان قاپلىدى ئازغان سېنى ،
مەيلىمۇ چاڭگالغا ئالسا سېنى ئاپەت ، چەكمگەن .

قارىسام مۇردا سىياقسەن ، شۇ زەئىپ ھالىڭغا ۋاي ،
كىيگىنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىمدۇر ، كۆز يېشىڭ ـ زارىڭغا ۋاي ،
قىينىلىپ غۇربەتچىلىكتە قاقشىغان جانىڭغا ۋاي ،
گەرخۇمار بولساڭ ئېغىزدىن يامرىغان شالىڭغا ۋاي ،
يىرگىنىپ سەندىن بۇگۈن قاچتى جامائەت ، چەكمىگىن .

كىم سۇكۇت قىلغاي نىجاسەت ئارىغا كەتسە تاراپ ،
كىم چىدايدۇ سەن كەبى ئەۋلاد بۇگۈن بولسا خاراب ،
كىم ئېچىنماس ئاشۇ قىسمەتتىن يۈرەك چەكسە ئازاب ،
بۇلغىساق ۋىجدانىنى ـ ئارنى مەيلىمۇ شۇنداق ياشاپ ،
قالمىدى دىللاردا ئەمدى سەۋر ـ تاقەت ، چەكمىگىن .

نېمە تاپتىڭ كور كەبى دەسسەپ تۇزاققا ئاقىۋەت ،
نېمە تاپتىڭ ئايلىنىپ بەتبۇي پۇراققا ئاقىۋەت ،
نېمە تاپتىڭ بەر جاۋاب ئۇشبۇ سوراققا ئاقىۋەت ،
كۈل بولار جىسمىڭ سېنىڭ كىرسەڭ دوزاخقا ئاقىۋەت ،
سېنى گۇمران قىلمىسۇن ئەمدى ھالاكەت ، چەكمىگىن .

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ئادەممۇ ؟

ئەل ـ ۋەتەننى قەلبىدىن سۆيمىگەنلەر ئادەممۇ ؟
كېلەچەكنى ـ يىراقنى كۆرمىگەنلەر ئادەممۇ ؟
سەپەرلەردە مەردانە يۈرمىگەنلەر ئادەممۇ ؟
شان ـ زەپەردىن زەر قامۇس پۈتمىگەنلەر ئادەممۇ ؟
بۇ جاھاندىن ئادەمدەك ئۆتمىگەنلەر ئادەممۇ ؟

قىلىپ شۈكۈر ـ قانائەت ، كۈنۈم ئۇبدان ئۆتسە دەپ ،
چۆمۈپ شېرىن خىيالغا ھەممە نېمەم پۈتسە دەپ ،
لايغەزەللىك لېيىغا مەيلى جىسمىم چۆكسە دەپ ،
ئىگەم ھەلەپ ـ سامانىنى ئوقۇرۇمغا تۆكسە دەپ ،
تەييارنى يەپ كالىدەك مۆرىگەنلەر ئادەممۇ ؟

تۇزاق قۇرۇپ ئاۋامغا بەرمەي تىنچلىق ـ ئاراملىق ،
جاپا قىلىپ ۋاپاغا تىلەپ شۇملۇق ـ يامانلىق ،
ئوقۇماي يۈرۈپ كۆزىنى قىلسا ئەما نادانلىق ،
قىلىپ كۈندە خۇشامەت بولۇپ مالاي يارامىلىق ،
شىپپاڭلىتىپ قۇيرۇقنى سۆرىگەنلەر ئادەممۇ ؟

پەخەس بولماي ئۆزىگە ، ئىزىقتۇرسا قىڭغىر يول ،
پۇرسەت تاپسا كوچىدا يانچۇقلارغا سېلىپ قول ،

چېكىپ « ئاق »نى ، هارامدىن چۆنتىكىگە تولسا پۇل ،
مەينى ئىچىپ ئۆلگۈدەك بولۇپ ئىپلاس روھىي قۇل ،
رەزىل نامى ـ ئاتىقى ئۆچمىگەنلەر ئادەممۇ ؟

بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي ھەسەت بىلەن قارىشىپ ،
تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ئىزلىرىنى مارىشىپ ،
پىتنە ـ ئىغۋا تارىتىپ ، غەيۋەت قىلىپ غاجىشىپ ،
بولۇپ يۇرتۋاز ، گۇرۇھۋاز ، ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ ،
ئۆزىدىكى ئىللەتنى بىلمىگەنلەر ئادەممۇ ؟

ئۇنتۇپ راستىن ئەسلىنى ، مەنسىپىنى پەش قىلىپ ،
ئەجىر قىلماي زەررىچە تەييار خامان چەش قىلىپ ،
قىلمىشىدىن ئاۋامنىڭ يۈرىكىنى غەش قىلىپ ،
سىلىپ قورساق هارام يەپ ۋىجدانىنى خەس قىلىپ ،
تىلى ئوتنى يالىسا كۆيمىگەنلەر ئادەممۇ ؟

نۇرلاندۇرۇپ قۇياشتەك هاياتلىقنىڭ شامىنى ،
لىق تولدۇرۇپ كەۋسەرگە شىجائەتنىڭ جامىنى ،
ئۆچمەس ئىزدىن تارىتىپ ئەلنىڭ شۆھرەت ـ شانىنى ،
چوڭقۇر يۆكۈپ قەلبىگە ئېتىقادنى ـ غايىنى ،
ماڭلىيىدىن كۈمۈش تەر تۆكمىگەنلەر ئادەممۇ ؟

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

# خارلىما

ئى ئانا ، قىلما ئازار ، ئوبدان كېلىننى خارلىما ،
چىن ـ ۋاپادار ، قەلبى ئوت ـ گۈلخان كېلىننى خارلىما ،
بەك مۈلايىم كۆزلىرى چولپان كېلىننى خارلىما ،
قامىتى گۈلدەك ، چېۋەر ، چاققان كېلىننى خارلىما ،
قولى گۈل ، مېھنەت سۆيەر ئىشچان كېلىننى خارلىما .

ئۆتتى ئون يىل شۇ كېلىنمۇ سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ،
بولدى پەرۋانە يېنىڭدا ھەر كۈنى ئىززەت قىلىپ ،
كىيدى ئاددىي ئۈستۋاشنى ، كەتمىدى سۆلەت قىلىپ ،
ئاتىدى كۈچ ـ قۇدرىتىنى سەن ئۈچۈن ھىممەت قىلىپ ،
مېھرىدىن ئىللىق چىراي ئاچقان كېلىننى خارلىما .

تازىلاپ پاكىز سەھەردە ئۆينى ، ئايۋان ـ ھويلىنى ،
ھەم يۇيۇپ رەت ـ رەت بىلەن چىنە ـ چەينەك ، چويلىنى ،
سۇ تۇتۇپ كەتمەن چېپىپ گۈل قىپ ئېتىزنىڭ قوينىنى ،
پىشۇرۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدە تاماقنى ـ شويلىنى ،
ئايىماي قان ـ تەرىنى تۆككەن كېلىننى خارلىما .

ئاخشىمى راسلايدۇ جاي ، كىر ـ قاتلىرىڭنى ھەم يۇيۇپ ،
تېخى بۇتنايسەن ئۆزۈڭچە بەرسە تاتلىق چاي قويۇپ ،

بەتخۇيۇڭدىن كەتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ ،
قانچە رەت قىلدىڭ ھاقارەت بەزىدە چاچنى يۇلۇپ ،
قىلمىشىڭدىن دەرد ـ ئەلەم تارتقان كېلىننى خارلىما .

ياخشى ئۆتتى ئۇ داۋام بولۇپ ئىناق ئوغلۇڭ بىلەن ،
قىلمىدىڭ ھېچبىر شاپائەت ئادىمىي تۇيغۇڭ بىلەن ،
چەكسە ئۇ دائىم مۇشەققەت ، سەن ھامان ئۇيقۇڭ بىلەن ،
كۆزگە ئىلمايسەن پەقەت شاپتۇل قېقىپ بوينۇڭ بىلەن ،
سارغىيىپ ياپراق كەبى سولغان كېلىننى خارلىما .

نەچچە رەت سانجىقنى بەرسەڭ ئۇ پەقەت چاندۇرمىدى ،
تىللىساڭ ، دۆشكەلىسەڭ ساڭا گەپ ياندۇرمىدى ،
قىلمىشىڭغا قىلمىشىدىن ھەم جاۋاب قايتۇرمىدى ،
تەڭ تۇرۇپ جاڭجاللىشىشنى زادىلا ياقتۇرمىدى ،
كۆڭلى ـ كۆكسى سەن ئۈچۈن ئاسمان كېلىننى خارلىما .

ئېھ ئانا ، ئاتمىشقا كىردىڭ ، بىل ھاياتنىڭ قەدرىنى ،
ئايرىغىن ئاق ۋە قارا ، ياخشى ـ ياماننىڭ پەرقىنى ،
شۇ بىچارە كىمگە يىغلاپ ، كىمگە دەيدۇ دەردىنى ،
ناتىۋان ئاجىزغا سالما بۇنچە كۈلپەت ـ جەبرىنى ،
چىدىيالماي تاقىتى تاشقان كېلىننى خارلىما !

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

# بىر تۈزكورغا

ياڭاق چېقىپ بېشىمدا، يايرىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟
قۇزغۇن بولۇپ بېغىمدا سايرىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

ياتار ئىدىڭ قوتاندا ئورۇقلۇقتىن قوپالماي،
ئەمدى سەمرىپ تۇلۇمدەك ھاڭرىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

ئېلىپ تەلىم تۈلكىدىن، قاپقان قۇرۇپ كۆلكىدىن،
ئورا كولاپ يولۇمغا بابلىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

چەيلەپ نوتا - شېخىمنى، كېسىپ غولۇم - تېنىمنى،
ياغىچىمدا پالتاڭنى ساپلىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

پىتنە - غەيۋەت تارىتىپ، ئاداۋەتنى يامرىتىپ،
توقۇپ يالغان تۆھمەتنى چاپلىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

سېزەلمىگەچ ئەپتىڭنى، نەدىن بىلەي قەستىڭنى،
سېلىپ ئوتقا گۆشۈمنى قاقلىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

قىلسام ساڭا ۋاپانى، سالدىڭ جەبىر - جاپانى،
قىلمىشىڭدىن كۆزۈمنى ياشلىدىڭمۇ تۈز بەرسەم ؟

يۇتتۇم ئەلەم نىھايەت ، يوقكەن مەندەك ھاماقەت ،
مېنى پۇشمان ئوتىغا تاشلىدىڭمۇ تۇز بەرسەم ؟!

1997 ـ يىل 3 ـئاي



# تويمىدىم

تويمىدىم ، ئاھ ، تويمىدىم ، ئوت يالمىسامۇ تويمىدىم ،
چىشلىرىم ئالماس مېنىڭ ، تاش چاينىسامۇ تويمىدىم .

شورىسام قان ۋە يىلىك ، نەپسىم بېسىقماس قىلچىلىك ،
پۈتتى دەپ جىسمىم ھارامدىن يايرىسامۇ تويمىدىم .

بۇلغىدى ئەقلىم دالاسىنى رەزىل نەپسانىيەت ،
يۇندىدەك ئازگال ـ ئېرىققا يامرىسامۇ تويمىدىم .

قىلمىشىمدىن بولدى قاقشال سارغىيىپ ئۆمرۈم شېخى ،
لالىنى چەيلەپ تىكەندەك ئاينىسامۇ تويمىدىم .

ياشىدىم ئالا كۆڭۈل ، ئىنساپ ـ دىيانەتتىن چىقىپ ،
نوختا ـ ئارقانغا ئىلىنماي ھاڭرىسامۇ تويمىدىم .

بولدى دەسمايە ماڭا بايلىق ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ،
كېرىلىپ شاھتەك جاھانغا پاتمىسامۇ تويمىدىم .

1997 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ئالدامچى تېۋىپقا

بىلىمەن دەيسەن تېبابەتنى يوغان پاختاك تېۋىپ ،
يوق پەقەت سەندە بىلىم ، راستىن ئۆزۈڭ سالتاك تېۋىپ .

ئاچىسەن پىنھان دۇكان تار يەرنى ئىزدەپ دالدىدا ،
خىلمۇخىل جا دورىغا تولغان قۇرۇق خالتاك تېۋىپ .

ساقىنمۇ دەيسەن كېسەل تۇتساڭ تومۇر باش ئاغرىتىپ ،
كەلسە پۇرسەت خەقنى بابلايدۇ يەنە نوختاك تېۋىپ .

« بەك شىپالىق دورا » دەپ ، « كۆپرەك ئىلىڭلار بۇنى » دەپ ،
سەن ئۇچۇن پۇۋلەيدۇ يەل يانىڭدا بار غالچاك ، تېۋىپ .

چۆمگەن چىرايىڭ كۇلكىگە ، ئوخشار سىياقىڭ تۇلكىگە ،
ھىجىيىپ جاۋغايلىرىڭمۇ بولىدۇ كالچاك ، تېۋىپ .

دەيدىكەنسەن « مەن داۋا قىلسام شىپا تاپقاي كېسەل » ،
تەلتۆكۈس كېسەلنى ھەيدەرمىش تېخى قامچاك ، تېۋىپ .

تاپمىغاي ئاغرىق شىپا ، يۇقماس سېنىڭدىن قىلچە نەپ ،
ساقىنمۇ قىلغاي كېسەل بەرگەن ئاشۇ دوراڭ ، تېۋىپ .

تويمىغۇر نەپسىڭ ئۇچۇن ئوت بولسىمۇ يالماپ - يۇتۇپ ،
يۇيۇپ - تارامسەن خەقنى شۇنچە سەن قىلىپ گالۋاڭ تېۋىپ ؟

ئۆزىنى قىلغاي ئوسال ئالدامچىلارنىڭ ھىيلىسى ،
بىل شۇنى باشىڭغا چىققاي شۇ ھارام ئاقچاڭ تېۋىپ .

ئاجرىماس سىرتماق بولۇپ بوينۇڭنى سىققاي قىلمىشىڭ ،
ئاقىۋەت چاپقاي پۇتۇڭنى راسلىغان پالتاڭ ، تېۋىپ !

1997 - يىل 4 - ئاي



# قاچ نىرى

يالغان كالامدىن قاچ نىرى ، سۆزنئي سالامدىن قاچ نىرى ،
ھىجىيىپ نامەرد ساڭا بەرگەن تائامدىن قاچ نىرى .

يۇقمسۇن ئىللەت ساڭا ، بولسۇن تىرەك خىسلەت ساڭا ،
بۇلغىما جىسمىڭنى ھېچ ، چاڭدىن ـ توزاندىن قاچ نىرى ،

ياشىساڭ غەپلەت بىلەن ، ئۆتكەي كۆنۈڭ كۆلپەت بىلەن ،
قارىنى ئاق دەيدىغان ئەخمەق ـ ناداندىن قاچ نىرى .

بىر قاراپلا پوستىغا ، ئايلانما ناكەس دوستىغا ،
سۆرتى ئادەمسىياق توڭگۇز ـ قاۋاندىن قاچ نىرى .

تۆك ئايانماي تەرنى سەن ، تاپقىن ئۆزۈڭدىن زەرنى سەن ،
ئۆزىچە كەلگەن ھارام پايدا ـ ھاياندىن قاچ نىرى .

ئەلگە بەر نىمەتنى كۆپ ، قىلغىن ئاڭا ھىممەتنى كۆپ ،
ياخشى يولدا ماڭ ھامان ، پەيلى ياماندىن قاچ نىرى .

بولمىساڭ ھوشيار ـ پەخەس ، قۇرغاي تۇزاق ـ قاپقان ساڭا ،
تىلى بال ، دىلى زەھەر ، ۋەھشىي چاياندىن قاچ نىرى !

1997 ـ يىل 4 ـ ئاي

## ماختىما مېنى

ئەي بۇرادەر ، قىلما سىرلىق ياخشىلىقنى ،
ياخشىلىققا يوشۇردۇڭمۇ ساختىلىقنى ؟
ماختاپ كەتتىڭ مېنى ئەجەب يۈز تۇرانە ،
زەھەر قوشۇپ يېگەنمىدىڭ ناشتىلىقنى ؟

« سەن شېئىرنى يېزىشقا بەك ماھىر » دېدىڭ ،
« يازغانلىرىڭ شۇنچە ئېسىل ـ نادىر » دېدىڭ ،
« ئىقتىداردا يېتەلمەيدۇ ھېچكىم ساڭا ،
بولۇپ قالدىڭ يۈكسەك ـ داڭلىق شائىر » دېدىڭ .

ياخشىچاق بوپ تۇتساڭمۇ كۆپ ياغلىق ماڭا ،
تۇيۇلىدۇ ئىقتىدارىم چاغلىق ماڭا .
بولدۇم خىجىل كاچاتلىساڭ مۇرەمگە سەن ،
ياراشمايدۇ سەن ئېيتقان شۇ « داڭلىق » ماڭا .

ياخشى ئىشمۇ خەقنى ئۇشۇق ماختاۋېرىش ،
نېمە تاپتىڭ بىرنى قەستەن قىرىق قىلىپ ؟
بىلىۋالدىم كۆڭلۈڭدىكى نەيرىڭىڭنى ،
مەقسىتىڭنى دېمسەڭمۇ ئېنىق قىلىپ .

شاماللاردا تا ئەزەلدىن ئۇچقىنىم يوق ،
مەيدە كېرىپ راھەت ـ ھۇزۇر قۇچقىنىم يوق ،
ئۆستۈرگەنغۇ كۆچەت قىلىپ خەلقىم مېنى ،
تېخى تاتلىق مېۋىلەرگە تولغىنىم يوق .

ئىشلەتمىگىن شۇڭا مىكىر ـ گۇمپاڭنى سەن ،
يالغان ماختاپ قويما قاشقا ئوسماڭنى سەن ،
كىيەي دوپپا ئۆز بېشىمغا لايىقىدا ،
كىيدۈرمىگىن يوغان قالپاق ـ پوسماڭنى سەن !

1997 ـ يىل 4 ـ ئاي

# بىزنىڭ كەنتتە

كەلگەندە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ،
كەنتىمىز زالىدا قويۇشقا ئويۇن ،
ئۇلارنى كۆرۈپلا كەنت باشلىقى ،
قاپاقنى تۈرۈپلا تولغىدى بويۇن .

دېدى ئۇ ئۆمەككە : « ئويۇن كۆرمەيمىز ،
قايتىڭلار ناھىيىگە كېتىڭلار ئۇدۇل ،
ئويۇننى قويساڭلار بېلەت ئېلىشقا ،
چىقمايدۇ كەنتتىن بىرەر سىنتا پۇل » ،

ئاخىرى ناھىيىگە قايتتى ئۆمەك ،
يېزىنىڭ باشلىقى كەلدى ئەتىسى ،
كەنتنىڭ باشلىقى بولدى پايپېتەك ،
باشلاندى يەپ ـ ئىچىش ، قىزىش بەزمىسى .

ئىشخانا ئىچىدە تۈزۈلدى سورۇن ،
تىزىلدى جوزىغا ئەڭ ئالىي شاراب ،
سويۇلدى پاقلانمۇ قايىندى شورپا ،
باشلىقنىڭ ئالدىغا تارتىلدى كاۋاپ .

خەجلەندى شۇ كەچكى سورۇنغا مىڭ سوم ،
قانغۇچە يەپ ـ ئىچىپ چېچىشتى پۇلنى ،
چىقىمنى دېھقاندىن ئالدۇ شۇلۇپ ،
مەنىۋى ئىشلارغا ئاچمايدۇ قولنى .

1997 ـ يىل 4 ـ ئاي



# ھەستخورلۇق يوقىلار قاچان ؟

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
تارالدى كەڭ شۆھرىتىم ـ شانىم .
تەتۈر كېلىپ قىسمىتىم بىراق ،
قالدى بوران ئىچىدە شامىم .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
ساپال كەبى تاتاردى يۈزلەر .
يۈرىكىمگە سېلىپ تەشۋىشنى ،
ئەجەب سوغۇق قارىدى كۆزلەر .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
جۇدۇن خىرىس قىلدى گۈلۈمگە .
جان ئاغرىتىپ پېتىپ تاپانغا ،
ئوغرىتىكەن ئۈندى يولۇمغا .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
پىتنە ـ غەيۋەت چىقتى ئۇچىغا .
غاجاق غاجاپ تالاي ناكەسلەر ،
گەپ تېپىشتى ئۇرۇپ يوتىغا .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
بىرسى مېنى « تەخسكەش » دېدى .
« تارالدىغۇ نامى ـ شۆھرىتى ،
كۆتۈرگەچكە دائىم كەش » دېدى .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
كۆردۈم تالاي جاپا ـ جەبرىنى .
ماڭا زاۋال تىلەپ بەزىلەر ،
قازدى چوڭقۇر لەھەت ـ قەبرىنى .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
زەھەر يۇتتى كۆرەلمىگەنلەر .
ئۇلتۇرالماي كەتتى تىپىرلاپ ،
ئۆلەي دېسە ئۆلەلمىگەنلەر .

قازانغانتىم ئۇتۇق ـ نەتىجە ،
ماڭا نەشتەر تەگلىدى چايان .
دوستلار ، شۇڭا قىلدىم ئىلتىجا ،
ھەسەتخورلۇق يوقىلار قاچان ؟

1997 ـ يىل 4 ـ ئاي

# ناھەق ئىشقا گىيىم بار

ئەمەس ھەرگىز ئىچىم تار مېنىڭ ،
ئەمەس ئەپتىم سوغۇق قار مېنىڭ ،
ىىراق ، شۇنى ئېيتىمەن تەھقىق ،
ناھەق ئىشقا گىيىم بار مېنىڭ .

بال دېمەيمەن زەھەرنى ئوتلاپ ،
ئاق دېمەيمەن قارىنى قوللاپ ،
ياشىمايمەن ئۆزۈمنى گوللاپ ،
ناھەق ئىشقا گىيىم بار مېنىڭ .

مەيلى كۆندۈز قارايسۇن ماڭا ،
مەيلى كىملەر ئالايسۇن ماڭا ،
مەيلى يوللار تارايسۇن ماڭا ،
ناھەق ئىشقا گىيىم بار مېنىڭ .

مەيلى قانچە بېسىلسا بېشىم ،
تاۋىقىمدىن تۆكۈلسە ئېشىم ،
كۆزلىرىمدىن ئاقسىمۇ يېشىم ،
ناھەق ئىشقا گىيىم بار مېنىڭ .

كىر گۈزەلمەي بەزىلەر گەپكە ،
ئىرىشەلمەي ئاز - تولا نەپكە ،
مەيلى مىنى قاقسىمۇ چەتكە ،
ناھەق ئىشقا گىپىم بار مىنىڭ .

مەيلى ھەقچۈن سۆرىسەم ساپان ،
يۆگىمەيمەن ناھەققە چاپان ،
تىللاپ مىنى دىسىمۇ يامان ،
ناھەق ئىشقا گىپىم بار مىنىڭ .

ياخشىلارغا مىھرىمنى تۆكۈپ ،
رەزىللەرنى تۈرىمەن سۆكۈپ ،
دەرد - ئەلەمگە كەتسەممۇ چۆكۈپ ،
ناھەق ئىشقا گىپىم بار مىنىڭ .

خوش - خوش قىلىپ قىلمايمەن تەزىم ،
ئەمەس ماڭا قۇلچىلىق لازىم ،
يۆتكەلسىمۇ پەگاھقا جايىم ،
ناھەق ئىشقا گىپىم بار مىنىڭ .

مەن ياشايمەن خىسلىتىم بىلەن ،
ئادىمىيلىك ئىززىتىم بىلەن ،
ۋىجدان ، غۇرۇر ، قىممىتىم بىلەن ،
ناھەق ئىشقا گىپىم بار مىنىڭ .

1997 - يىل 4 - ئاي

# سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات

بۇرۇن ئىدى ھويلا ـ ئايۋان ، بېغىڭ يوق ،
ئاش ـ تاماققا ئۇنۇڭ بولسا يېغىڭ يوق .
قىينىلاتتىڭ خۇشال ـ خۇرام چېغىڭ يوق ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

قوتىنىڭدا يوقتى ئېشەك ، كالاڭمۇ ،
كىيەر ئىدى يىرتىق كەشنى داداڭمۇ .
يېلىڭ ـ يوپۇڭ يۇرەر ئىدى بالاڭمۇ ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات ،

جان سانىڭ كۆپ مائاشىڭمۇ يەتمەيتتى ،
جۇل كەپەڭدىن غۇربەتچىلىك كەتمەيتتى .
ئەھۋال سوراپ ھېچكىم يوقلاپ كەلمەيتتى ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات ،

ئۇزاق ئۆتمەي بولۇپ قالدىڭ باشلىقىم ،
بىراق ئۇستۈن سەندىن مائاش ـ ئايلىقىم .
ئەمما ساڭا يەتمەس ۋەجىم ـ بايلىقىم ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات ،

پۇشۇلدىسالىڭ ئۇخلاپ يېتىپ گىردە يەپ ،
مەن ئىشلىيمەن تىنىم تاپماي جىگدە يەپ ،
ئۇزاق ئۆتمەي ساڭا نەدىن كەلدى نەپ .
ئېيتقىن ، بۇگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

ئاجىزلارنىڭ ئۆتسە كۈنى ئازابلىق ،
ئىزدىمەيسەن ياكى بىرەر ساۋابلىق .
كۈندە بىر قوي بولار ساڭا كاۋاپلىق ،
ئېيتقىن ، بۇگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

غادىيارسەن گويا مۈڭگۈز چىققاندەك ،
بوپتۇ بوينۇڭ ھارام گۆشنى يىغقاندەك .
قورساق سالپىسەن خۇددى سامان تىققاندەك ،
ئېيتقىن ، بۇگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

سىغدۇرالماي قوتىنىڭغا چارۋاڭنى ،
مىنىبۇسقا ئالماشتۇردۇڭ ھارۋاڭنى .
ئالتە يەرگە سالدىڭ ساراي - ئايۋاننى،
ئېيتقىن ، بۇگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات ،

ئۆيلۈك يەرنى ئالدىڭ يەنە نەۋرەڭگە ،
بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان چەۋرەڭگە .
ئاتاپ قويدۇڭ بىر قىسمىنى قەبرەڭگە ،
ئېيتقىن ، بۇگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

ھەممە ئىشنى قىلالايسەن ئېپىدە ،
ياشاپ كەلدىڭ ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە .
بىلەلمىدىم تام تېشەمسەن كېچىدە ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

ئەمەل تۇتسا تۇغامدۇيا ئايلىقى ،
چۈشەمدىكىن ئاسماندىن پۇل ـ بايلىقى .
بولامدىكەن جاھان ئۇنىڭ يايلىقى ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

بۈركۈت كەبى كۆزى ئۆتكۈر ئاۋامنىڭ ،
قىلمىشىنى بىلەر سەندەك قارامنىڭ .
ئاخىر بىر كۈن ھېسابى بار ھارامنىڭ ،
ئېيتقىن ، بۈگۈن سەن نېچۈن باي ، مەن نامرات .

1997 ـ يىل 4 ـ ئاي

# چىقسا

بىر قازاندىن ئېشىمىز چىقسا ،
بىر چاناقتىن يېشىمىز چىقسا ،
يۈرمەس ئىدۇق ، قۇمدەك چېچىلىپ ،
بىر ياقىدىن بېشىمىز چىقسا ،

ئىناقلىقتىن سۆيۈنەتتۇققۇ ،
ھەم ئۆزئارا كۆيۈنەتتۇققۇ ،
خۇشاللىققا كۆمۈلەتتۇققۇ ،
بىر زۇۋاندىن گېپىمىز چىقسا ،

ھەيران قىلار ئىدۇق ھەممىنى ،
قىزىتاتتۇق تويىنى - بەزمىنى ،
ياڭرىتاتتۇق كۈيىنى - نەزمىنى ،
ئۇنى بىر خىل دېپىمىز چىقسا .

تولۇپ چەكسىز كۈچكە - دەرمانغا ،
يېتەتتۇققۇ يەنە ئارمانغا ،
گەر ئات سېلىپ كىرسەك مەيدانغا ،
چىڭ ئۇيۇشقان سېپىمىز چىقسا .

بېشىمىزغا ياغدۇرۇپ بالا ،
قوزغالمامدۇ ئاداۋەت - نىزا ،
بىرىمىزنى بىرىمىز راسا
غاجايدىغان چىشىمىز چىقسا .

بىلسەك ئەلا تىنچلىق - ئىناقلىق ،
ئارىمىزدىن كەتسۇن يىراقلىق ،
دەيمىز تېخى بەكمۇ چىرايلىق
ئۇسما قويغان قېشىمىز چىقسا .

قۇچايلى دەپ تېخىمۇ زەپەر ،
ئىللەتلەردىن قىلايلى ھەزەر ،
نادانلارچە سالمايمىز نەزەر ،
خام قاپاقتىن لېشىمىز چىقسا .

1997 - يىل 5 - ئاي



# سەنمۇ ھەم مەنمۇ

ئىشەنمەيمەن ساڭا ھېچ مەنمۇ ،
ئىشەنمەيسەن ماڭا ھەم سەنمۇ .
توۋا دەيمەن ئەزەلدىن بىزدە
بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش كەممۇ .

قىلىشقاندا ئۆزئارا سالام ،
كۆلكىمىزمۇ بولىدۇ ئايان .
يەڭ ئىچىدە ساقلايمىز پىچاق ،
ئىچىمىزدە قۇترايدۇ چايان .

سەن ئېيتىسەن ، كۆلگىنىنىڭ يالغان ،
مەن ئېيتىمەن ، سالامىڭ قالقان .
سەن ئالدىمغا كولىساڭ ئورا ،
مەن يولۇڭغا چاچىمەن ئازغان .

سىرىمىزنى يوشۇرۇپ پىنھان ،
يوچۇقلاردىن مارايمىز تېخى ،
چاۋا تېرىپ يەنە ئۆزئارا ،
ئىزىمىزغا قارايمىز تېخى .

بىراق يىلتىز ، غولىمىزمۇ بىر ،
بىر ـ بىرىدىن يىراق شاخمۇ بىز .
نەدىن يۇقتى بىزگە بۇ ئىللەت ،
زادى كىرسىز ، پاكىز ـ ئاقمۇ بىز .

1997 ـ يىل 5 ـ ئاي

## ئۆكۈنمە ، دوستۇم

دېدى بىرسى : بىر پارىخورنىڭ
قىلمىشىنى قىلغان ئىدىم پاش .
توۋا دەيمەن ، تەگدى بېشىمغا
ئاشۇ ئەرزىم بولۇپ چالما ـ تاش .

ئەھۋال ئېيتسام مەسئۇل باشلىققا ،
چالۋاقىدى شالىنى چېچىپ .
تۇرسا ئەينەن پاكىتىم تولۇق ،
تەكشۈرمىدى قويدى ئۇ بېسىپ .

مەن ئېيتتىم : ئۆكۈنمە ، دوستۇم ،
قۇلاق سالماس ئۇلار توغرىغا ،
كىم ئاڭلايدۇ ئوغرى ئۈستىدىن
ئەرز سۇنساڭ يەنە ئوغرىغا ؟

بولغاچ قارا قاغىلار تامام ،
ئۇ ئۆزئارا چوقۇشقان قاچان ،
قاياش بولۇپ ئوغرى ئوغرىغا ،
بىر ـ بىرىگە ياپىدۇ چاپان .

ئىشىنىڭ ۋۇجۇد تاپماسلىقى شۇ ،
ئەرزىگىنىڭمۇ ئاقماسلىقى شۇ ،
تارتىپ چىقساڭ كىچىك ئوغرىنى ،
چوڭ ئوغرىغا ياقماسلىقى شۇ .

1997 - يىل 6 - ئاي

# پۇل تاپساڭ

يوغان سۆزلەپ مەيدەڭنى قېقىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ ،
مەنمەنچىلىك تەختىگە چىقىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ ،
ئۆز - ئۆزۈڭنى خاقاندەك بىلىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ ،
نومۇسۇڭنى - ئارىڭنى سېتىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ ،
رەزىللىككە - پەسلىككە پېتىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

ماڭا - ساڭا ، ھەممىگە ھەر ۋاقىتتا لازىم پۇل ،
يوقىتىپ ئەس - ھوشۇڭنى پۇل ئۈچۈنلا بولما قۇل ،
ھاياتىڭنىڭ باغىدا پورەكلىسۇن قىزىل گۈل ،
ئەجىر قىلىپ تەر تۆكۈپ ھالال بېيىش توغرا يول ،
توغرا يولدىن ھەرقاچان ئېزىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

ھاياتلىقتا ھەممىنى پۇل قىلىدۇ ھەل دېمە ،
پۇلۇم بولغاچ بايلىقىم - ۋەجىم مېنىڭ تەل دېمە ،
پۇل ئالدىدا ھەرقاچان قىلغان گېپىڭ يەل دېمە ،
پۇلۇم كۆپ دەپ ماختىنىپ ماڭا كەلدى سەل دېمە ،
تاراڭلىتىپ دېپىڭنى چېلىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

ھەشەمەتنىڭ قوينىدا ئۈستۈم دىمە بوي تارتىپ ،
داۋراڭ سېلىپ كوچىدا غادايمىغىن توي تارتىپ ،
سويدۇم دىمە مېھمانغا ھەر كۈنلۈكى قوي تارتىپ ،
ۋەيران بولۇپ ئاقىۋەت بوينۇڭغا كۆپ كوي ئارتىپ ،
بولۇپ بەتخەج تاپقاننى چېچىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

چىقىپ تاپتىن - قىنىڭدىن ، بولدۇم لۈكچەك ھايۋان دەپ ،
قىلىپ خەققە ئەسكىلىك توشتى مەندە پەيمان دەپ ،
پۈت - قولۇمدا قالمىدى ئەمدى قىلچە دەرمان دەپ ،
كوچىلاردا نان تىلەپ بولسام مەيلى ۋەيران دەپ ،
ئۈياتماستىن خروئىن چېكىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

سوكۇلدىما قوغلىشىپ قۇرۇق ئابرۇي ، ئىناۋەت ،
ئۆرلەش ئۈچۈن ئېگىزگە تاپاي دىمە ھىمايەت ،
بولۇپ خەققە گۇپپاڭچى بېرىپ كۈندە زىيايەت ،
يالاپ ئىتتەك تاپاننى قىلىپ راسا خۇشامەت ،
تەزىم قىلىپ بىشىڭنى ئېگىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتىپ دىمە ، بىرنى مىڭ قىلاي ،
كەلسە شەپە هارامدىن قۇلىقىمنى دىڭ قىلاي .
ئەلگە بەرمەي زەررە نەپ ئالىقاننى چىڭ قىلاي ،
كۆزۈم پۇلغا تويمىدى ئاچ نەپسىمنى چىڭ قىلاي .
تاپساڭ پۇرسەت ئاۋامنى شۇلۇپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

بولۇپ نادان كۆزى كور ، بۇغداي دىمە سامانىنى ،
ناھەق نىمە ، ھەق نىمە ، پەرق ئەت ياخشى - يامانىنى .

چەيلەپ تامام يوقاتقىن ئىللەت ئاتلىق چايانىنى ،
تۆھپە قوشۇپ گۈللەتكىن ، بۇ بەختىيار زامانىنى .
لاي سۇ كەبى مەنىسىز ئېقىپ يۈرمە پۇل تاپساڭ .

1997 ـ يىل 6 ـ ئاي



# ھەر ئۈچ كۈندە كىيەمدۇق بىرنى

ئاچقان ئىكەن ۋاپۇرۇش دۇكان ،
يول بويىغا چەتكە — دالدىغا .
سېتىۋالاي يېڭى ئاياغ دەپ ،
كەپقاپتىمەن ئۇنىڭ ئالدىغا .

قىلدى ماڭا ۋاپۇرۇش سالام ،
ئىلىك ئالدىم مەنمۇ ھەم كۈلۈپ .
دېدى : « مېھمان مۇنۇ ئاياغنى ،
يارامدىكەن باقسىلا كۆرۈپ .

دۇكاندىكى مالنىڭ ئىچىدە
بۇ ھەممىدىن ئوبدان - ياخشىسى .
ناچار مالنى ساتسىمۇ خەقلەر ،
ئەمما بىزدە يوقتۇر ساختىسى .

يوققۇ بۇنداق سۈپەتلىك ئاياغ ،
بىراق ئۈستۈن ئەمەس باھاسى .
ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ كۈنمۇ ،
يوق گېپىمنىڭ يالغان ، خاتاسى .

يىر تىلمايدۇ كىيسمۇ ئۈچ يىل ،
كەچسە پاتقاق ھەم ئۆتمەيدۇ سۇ .
تىكىلگەن ئۇ چەت ئەلدە ئەسلى ،
يېقىندىلا كەلتۈرۈلگەن بۇ ... »

دەسسمەي دەپ تۇزاققا ، خىشقا ،
كەتمەك بولدۇم ئارقامغا قايتىپ .
« ئەرزان بېرەي » دېدى ۋاپۇرۇش ،
قويۇپ بەرمەي پېشمنى تارتىپ .

باھاسىنى سورىسام ، دېدى :
« ساتقان بايا بىرنى يۈز سومغا ،
تالاشمايمەن خېرىدار بىلەن ،
ئانچە ئاچكۆز ئەمەسمەن پۇلغا » ،

سېتىۋالدىم ئاياغنى ئاخىر ،
ۋاپۇرۇشقا سەكسەن سوم بېرىپ .
خەيرلىشىپ قايتتىم ئۆيۈمگە ،
ئۇنى دەرھال سومكامغا سېلىپ .

كىيسەم پۇتقا ، ئۈچ كۈندىن كېيىن
يولدا ئاجراپ قالدى پاشنىسى .
چىقتى يالغان ئاشۇ مېلىنى
ۋاپۇرۇشنىڭ داڭلاپ ماختىشى .

زېرىكمىدى ياماقچى ئۇستام ،
نەچچە نۆۋەت پاشنىنى قېقىپ .
يېرىم ئايدا تەرەت كەشىگە
ئايلاندى ئۇ ئەبجىقى چىقىپ .

قىممەت ئالغان ئاشۇ ئاياغنى ،
كىيەلمىدىم بىر ھەپتە قورقماي .
چۈشۈپتىمەن قىلتاققا راستلا ،
توپا چاچسا كۆزۈمگە ئۇقماي .

خەقنى ئالداپ خۇرۇم ئاياغ دەپ ،
ساتسا بېرىپ لاتىنغا سىرنى .
قاچانغىچە شۇنداق ئاياغتىن ،
ھەر ئۈچ كۈندە كىيەرمىز بىرنى ؟

1997 ـ يىل 6 ـ ئاي



# مېنىڭ سوۋغام

خوشلىشىش چېيىغا قىچقاردىم خەقنى ،
كەلدى دوست - يارەنلەر، كەلدى بىر يۇرتلۇق .
يىغلىشىپ دۇئا قىپ ئۇزاتتى ھەجگە ،
ھېسابسىز پۇل - پۇچەك تۇتۇشتى يوللۇق .

« ھاجى » دەپ تاج كىيىپ كەلدىم ھەرەمدىن ،
ئەكەلدىم مەنمۇ ھەم ئۇلارغا سوۋغا .
بەش يۈز كويى تۇتقانغا بىر قوشۇق زەمزەم ،
مىڭ كوينى تۇتقانغا بىر تاللا خورما .

1997 - يىل 7 - ئاي



# مەنسەپ تۇتۇپ

ئۆزۈم ئۇچۇن ياقتىم چىراغ مەنسەپ تۇتۇپ ،
دىيانەتتىن قاچتىم يىراق ، مەنسەپ تۇتۇپ .
خازان قىلدىم ۋىجدانىمنىڭ باغلىرىنى ،
ئۇندى ئاڭا خوخا ـ يانتاق مەنسەپ تۇتۇپ .

« چاكار » ئىدى ئەسلى ئىسمىم ـ ئېتىم مېنىڭ ،
ئىشلىمىدى ئەمدى ئەقلىم ، دىتىم مېنىڭ ،
ئۆزۈم ئۇچۇن تاراڭلىدى دېپىم مېنىڭ ،
يا بولدىمۇ بېشىم قاپاق مەنسەپ تۇتۇپ .

خەقنى تەتۇر ، ئۆزۈمنى بەك ئوڭ چاغلىدىم ،
ئۆزۈم پىششىق ، ئۆزگىنى ھەم توڭ چاغلىدىم .
مەيدە قېقىپ ، باشلىق مەن دەپ چوڭ چاغلىدىم ،
چىقتى ماڭا مۈڭگۈز ، پۇتاق مەنسەپ تۇتۇپ .

پەرق ئەتمىدىم توغرا قايسى ، خاتا قايسى ؟
ھېچ كۆرمىدىم زادى ئاق ۋە قارا قايسى ؟
ئايرىمىدىم كىمخاب ، تاۋا ، ماتا قايسى ؟
كۆزلىرىمنى باستى چاپاق مەنسەپ تۇتۇپ !

ھەر كۈنلۈكى بىرىپ كەچتە زىياپەتكە ،
پەيتى كەلسە كىردىم جىندەك قىياپەتكە .
خۇشتار بولدۇم يەپ ـ ئىچىشكە ، ھەشەمەتكە ،
يىدىم دائىم ھارام تاماق مەنسەپ تۇتۇپ .

قىپ بەرمىدىم ھىچ ياخشى ئىش ئاۋامغىمۇ،
ئوخشاپ قالدىم يوغان چوشقا ـ قاۋانغىمۇ .
قاراپ باقساڭ پاتماي قالدىم چاپانغىمۇ ،
كۈندىن ـ كۈنگە سالدىم قورساق مەنسەپ تۇتۇپ .

باشقىلارنى بىر ماڭىلا قول دەپ بىلىپ ،
ھوقۇقۇمنى تۈگىمەس كان ـ پۇل دەپ بىلىپ .
خازان بولدۇم ئۆز ـ ئۆزۈمنى گۈل دەپ بىلىپ ،
قىلمىشىمدىن ئالماي ساۋاق ، مەنسەپ تۇتۇپ .

نۇر ئالمىغاچ قەلبىم پاكلىق يورۇقىدىن ،
زەئىپلەشتىم نىجاسەتنىڭ پۇرىقىدىن .
قۇتۇلالماي ئادالەتنىڭ سورىقىدىن ،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە قۇردۇم تۇزاق ، مەنسەپ تۇتۇپ .

1997 ـ يىل 7 ـ ئاي

# قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، باشلىق

ئاچقانتىڭىز مەجلىس تۈنۈگۈن،
يەنە مەجلىس ئاچتىڭىز بۈگۈن.
تۈگىمەيدۇ مەجلىسلەر نېچۈن؟
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، باشلىق.

ئېلىپ كۈندە مۇنبەردىن ئورۇن،
چالۋاقايسىز چىقىرىپ قۇيۇن.
پايتىمدەك سۆزىڭىز ئۇزۇن،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، باشلىق.

ئاۋازىڭىز ئوخشىغاچ داڭغا،
ئايلاندىغۇ قۇلاقلار پاڭغا.
ھالۋا دېگەن ئوخشىماس زاڭغا،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، باشلىق.

ۋالاقتەككۈر دوستىڭىزمىدى؟
ياكى ماھىر ئۇستىڭىزمىدى؟
تېتىقسىزلىق پوستىڭىزمىدى؟
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ، باشلىق.

گەپ بىلەنلا ئىش بولامدۇ ھەل ،
سىپسىق پۇراپ زالغا تولدى يەل .
بەك ئاغرىدى ئورۇندۇقتا بەل ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

ۋاقىت ئۆتەر يوق پەقەت توختاش ،
تەكرارلىنار گېپىڭىز ئوخشاش ،
خەقتىن ئۇيات قىلمامسىز يولداش ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

گويا تاغنى قىلسىز تالقان ،
پوچىلىقنى قىلسىز قالقان .
گېپىڭىزنىڭ تولىسى يالغان ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

يېڭىدىن ئىش باشلايلى دەيسىز ،
ئەزمىلىكنى تاشلايلى دەيسىز .
ئالغا دادىل چامدايلى دەيسىز ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

مۇنبەردىلا قالىدۇ بۇيرۇق ،
ئۆزگەرمەيدۇ ئەمەلدە قۇيرۇق .
يۈرۈشمەيدۇ ھېچبىر ئىش تولۇق ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

تاراقلىتىپ تېرىنى ئەيلەپ ،
سىز ياشامسىز مۇنبەردە لەيلەپ .
تارتىمىزمۇ خورەكنى ئەسنەپ ،
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

كىمگە كېرەك دېنى يوق سامان ،
كۆزنى ئېچىڭ بۇ قانداق زامان ،
بۇنداق ئىللەت تۈگەيدۇ قاچان ؟
قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىڭ ، باشلىق .

1997 ـ 7 ـ ئاي



# يالغاننى يازماڭ

قۇرۇق پونى ئاتقاننى يازماڭ ،
تەكشۈرمەيلا تاپقاننى يازماڭ ،
گۈلنى يېزىڭ ، ئازغاننى يازماڭ ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ ،

بولسۇن يۈكسەك جاسارەت سىزدە ،
كەسپىڭىزگە هارارەت سىزدە ،
هەم يېتىلسۇن ماهارەت سىزدە ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

پەزىلەتنى تاشلىماڭ چۆرۈپ ،
قارىنى ئاق قىلماڭ سىز ئۆرۈپ ،
يۈرمەڭ ناچار ئىللەتنى يۈدۈپ ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرۇپ ،
ۋاراقلارغا قۇرنى تولدۇرۇپ ،
كەلسە ـ كەلمەس پاكىت ئويدۇرۇپ ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ ،

سىزگە يامان ئاتاق ياخشىمۇ ؟
ياكى شاڭخو ـ مازاق ياخشىمۇ ؟
كۆزىڭىزگە چاپاق ياخشىمۇ ؟
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

بۇركۇت دېمەڭ تەسۋىرلەپ سارنى ،
ياكى قەستەن كەڭ دېمەڭ تارنى ،
ھېچقاچان سىز جىنلىق دېمەڭ جانى ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

سۇ كەلمىسە كەلكۈن تاشتى دەپ ،
قۇرغاقچىلىق ئېرى قاچتى دەپ ،
ئاشمىغاننى ئۇدا ئاشتى دەپ ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

ئايلاندۇرۇپ نامراتنى بايغا ،
قازان ـ چۆمۈچ تولدى دەپ مايغا ،
ئېشەك مىنسە مىندى دەپ تايغا ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

قۇرۇق شۆھرەت ئابرۇيىنى كۆزلەپ ،
يالغان خەۋەر يازسىڭىز يۈزلەپ ،
پاش قىلمامدۇ كىشىلەر سۆزلەپ ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

يالغانچىلىق لەت قىلۇر سىزنى ،
ئەل ئالدىدا سەت قىلۇر سىزنى ،
ئاقىۋەتتە دەرد قىلۇر سىزنى ،
مۇخبىر دوستۇم يالغاننى يازماڭ .

1998 - يىل 1 - ئاي

# ئۆزۈڭ چايان، يازغىنىڭ ھەسەل

يازغانلىرىڭ قىلغاچقا مايىل،
تالانتىڭغا بولدۇم مەن قايىل،
دېدىم: ئەجەب ياخشى يېزىپتۇ،
ئىللەتلەرنى قامچىلاپ دادىل.

غەيۋەتخورنى تىتىپسەن مازدەك،
چېقىمخورغا ئېچىپسەن ئوتنى،
تەخسكەشنى سۆكۈپسەن راسا،
ھەسەتخورغا ئېتىپسەن ئوقنى.

سىرداش بولۇپ ساڭا بىر مەھەل،
بىراق بەكمۇ سەسكەندىم سەندىن،
قەلبىمدىكى ھۆرمەت تۇيغۇسى،
تېزلا ئۆچۈپ يوقالدى مەندىن.

پەزىلەتتىن تۇرغاچقا نېرى،
سەندە كۆپكەن ئىللەتنىڭ كىرى،
يۈرەركەنسەن غاجىلاپ خەقنى،
غەيۋەتخورنىڭ ئىكەنسەن پىرى.

مىكرىنىڭ كۆپكەن تەخسكەشلىكتە ،
« چاپانچى » دەپ نامىڭمۇ باركەن ،
يۇتاركەنسەن قاننى ـ زەرداپنى ،
راستىن ئېپىتسام ئىچىڭ بەك تاركەن .

باشقىلاردىن يېپسەڭمۇ دەككە ،
هار كەلمەپتۇ ساڭا ئانچىلىك ،
دائىم خەقتىن تاپسەن ئېۋەن ،
دېمەيسەنكى ئۆزۈم قانچىلىك ؟

بولسۇن قانداق پەزىلەت سەندە ،
يازغىنىڭغا قىلمىساڭ ئەمەل ،
شائىر دوستۇم ، دەپ باققىن نېچۈن ،
ئۆزۈڭ چايان ، يازغىنىڭ ھەسەل ؟

1998 ـ يىل 1 ـ ئاي



# ئوبزور يېزىپ قوي

تىكەن يازسام ئوخشىتىپ گۈلگە ،
چىرايىمغا يۈگۈرتۈپ كۈلكە ،
راسا پۈۋلەپ ئۇچۇرۇپ كۆككە ،
مېنى ماختاپ ئوبزور يېزىپ قوي .

كاد ات مالنى سېلىپ بازارغا ،
ئەمدى مەنمۇ كىرەي قاتارغا ،
ھەم ئايلىناي كاتتا مازارغا ،
مېنى ماختاپ ئوبزور يېزىپ قوي .

قانچە قىلسام يانمىدى شامىم ،
سەن چۈشەنسەڭ زەئىپتۇر ھالىم ،
ئەل ئىچىدە چىقمىدى نامىم ،
مېنى ماختاپ ئوبزور يېزىپ قوي .

ئۆپكە ساتسام ساتتى پەش دېگىن ،
چورۇقۇمنى ئالتۇن كەش دېگىن ،
مەشھۇر ، كاتتا قەلەمكەش دېگىن ،
مېنى ماختاپ ئوبزور يېزىپ قوي .

سەندە كۆپقۇ ماھارەت ـ گۇمپا ،
قەلبىڭنى قىل ماڭا ئۇسما ،
كىيدۇر يەنە چىرايلىق پوسما ،
مېنى ماختاپ ئۇبزور يېزىپ قوي ،

ھەممىتىڭدىن ئۆرگىلەي مەنمۇ ،
ئەتراپىڭدا چۆرگىلەي مەنمۇ ،
چاپىنىڭنى كۆتۈرەي مەنمۇ ،
مېنى ماختاپ ئۇبزور يېزىپ قوي ،

1998 ـ يىل 1 ـ ئاي

# ياخشىلىق قىلما

ئۇقمىغاي كۆڭلى قارا ھايۋانغا قىلما ياخشىلىق ،
تىكىنى پاتقاي ساڭا ، ئازغانغا قىلما ياخشىلىق .

كۆيۈنۈپ قىلساڭ ۋاپا كۈرمىڭ جاپانى ياندۇرار .
ساختا ـ نامەرد ئادىمى شەيتانغا قىلما ياخشىلىق .

يۇقتۇرۇپ كىرنى ساڭا ، قىلغاي يۈزۈڭنى قاپقارا ،
ئىزىدىن لاي ـ يۇندىنى چاچقانغا قىلما ياخشىلىق .

ئاققۇزار قان ـ ياش كۆزۈڭدىن تويمىغۇر نەپسىنى دەپ ،
پۇل ئۇچۇن ۋىجدانىنى ساتقانغا قىلما ياخشىلىق .

تاپسا پۇرسەت چىشلىگەي پىنھاندا قەستلەپ ئاقىۋەت ،
نەسلى بۆرە ، ئەپتى قوي ـ پاقلانغا قىلما ياخشىلىق .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# قاقشتپ

نېمه تاپتىڭ ، ئى ئوغۇل ، باققان ئاناڭنى قاقشتىپ ،
چاڭقىساڭ شەربەت بولۇپ ئاققان ئاناڭنى قاقشتىپ .

نەسھەت قىلسا ـ كۆيۈنسە سالمىدىڭ زادى قۇلاق ،
« جان بالام » دەپ كۆكسىگە ياققان ئاناڭنى قاقشتىپ ،

ھە دېسە دەشنام بېرىپ قىلدىڭ ھاقارەت نەچچە رەت ،
ئەجرىدىن ئۆمرۈڭگە ئۇل سالغان ئاناڭنى قاقشتىپ ،

مەي ئىچىپ ئويناپ قىمار بەردىڭ ئۇنىڭغا زەپ ئازار ،
كۆزلىرىدىن قانۇياش تامغان ئاناڭنى قاقشتىپ ،

ئۇ ۋاپا قىلسا ھېسابسىز سەن ئاڭا سالدىڭ جاپا ،
قېرى ـ ئاق باش ، ئۆيدە تۇل قالغان ئاناڭنى قاقشتىپ ،

قىلمىدىڭ پەرۋامۇ قىلچە ئالمىدىڭ زەررە خەۋەر ،
ئۆيدە دەردتە تولغىنىپ ياتقان ئاناڭنى قاقشتىپ ،

ئەستە تۇت كۈنلەر ئۇزۇن ، يانغاي ئۆزۈڭگە قىلمىشىڭ ،
ئېيتقىنا ، بولدۇڭمۇ سەن ھايۋان ، ئاناڭنى قاقشتىپ ،

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ساختىلىق ـ يالغانچىلىق

بىل شۇنى بۇلغايدۇ ۋىجدان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،
قىلغۇسى لەۋزىڭنى پايخان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارغاي ئاقىۋەت ئادەمنى ئۇ ،
ئەيلىگەي ئىنساننى ھايۋان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

تارقىتىپ ئىللەت ۋاباسىنى قىلار ئەلنى خاراب ،
تەكتىدىن ئاپەت ـ زىمىستان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

سەمىمىيلىك ، ئاق كۆڭۈللۈكتىن ھايات ياشناپ كۈلەر ،
قىلمىغاي دىلنى گۈلىستان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

رەڭ ـ بوياق بولغاي يۈزىگە ئۇ رەزىل ئىپلاسلىنىڭ ،
ھەم ئاڭا چۈمپەردە ـ قالقان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

ھەق ـ ئادالەتنى توراپ ، گويا سىيسىق بۇستەك پۇراپ ،
كۆرسىتەر بۆرىنى پاقلان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق ،

قۇرۇتۇپ يىلتىز ـ غولىنى كۈل قىلايلى بىز ئۇنىڭ ،
بىر زەھەرلىك خوخا ـ ئازغان ساختىلىق ـ يالغانچىلىق .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# پۇل بەرسەڭ

( ۋىجدانسىزنىڭ تىلىدىن )

نېمە دېسەڭ مەن شۇنى قىلىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ ،
مىنسەڭ ئەگەر بوينۇمغا ئېگىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

ساڭا ھەدەپ دوست تارتىپ خوش - خوش قىلىپ ھەم كايىپ،
دۇمبىقىڭنى - ناغراڭنى چېلىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

يوق جاھاندا مەن كەبى نەپسانىيەت خۇشتارى ،
رەزىللىككە - پەسلىككە پېتىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

بولغاچ پايخان خىسلىتىم ھېچ قالمىدى قىممىتىم ،
گويا يامراپ يۇندىدەك ئېقىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

بولسام مالاي سەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق مەن ئۈچۈن ،
تاپىنىڭغا تىلىمنى يېقىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

بولسام مەيلى ماراقچى ، سەنچۈن ئوغرى - قاراقچى ،
تۇيدۇرماستىن كەچتە تام تېشىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

خەقنى قەستلەپ ناۋادا تىقاي دېسەڭ ئورنىغا ،
ئاڭا ئازگال ـ ئورنىنى قېزىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

نەشتەر سانجىپ ئاغرىتىپ ، بىزار قىلىپ قاقشىتىپ ،
ياخشىلارنى چاياندەك چېقىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

نىقابلىنىپ شەيتاندەك ، ياشاپ ئىتتەك ـ ھايۋاندەك ،
ئەل يولىغا تىكەننى چېچىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

ئالغىن دېسەڭ جان يەنە ، تۆككىن دېسەڭ قان يەنە ،
گۇناھسىزنىڭ بېشىنى كېسىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

پەرۋايىم يوق زەررىچە كۆمۈلسەممۇ لەنەتكە ،
ۋىجدانىمنى ـ ئارىمنى سېتىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

مەيلى ھەتتا ئۆلسەممۇ ، كاۋاپ بولۇپ كۆيسەممۇ ،
نەپسىم ئۈچۈن دوزاخقا كىرىپ بېرەي پۇل بەرسەڭ .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ماختاش ئالدىدا

پۈۋلىسە گويا كى پەيدەك ئۇچما ماختاش ئالدىدا ،
كېرىلىپ مىننەت ـ تەمەننا قۇچما ماختاش ئالدىدا .

غادىيىپ ئەل ئالدىدا ئىلماي كۆزۈڭگە ئۆزگىنى ،
سەن ئۆزۈڭنى ھەممىدىن چوڭ تۇتما ماختاش ئالدىدا .

سال نەزەر ، كەينىڭدە جىن ، ئالدىڭدا ئىنسان بەزىلەر ،
بەتنىيەت بىر گەن زەھەرنى يۇتما ماختاش ئالدىدا .

بولسىمۇ تۆھپەڭ ئۇلۇغ ، بولغىن ھامان كەمتەر ، ئۇچۇق ،
لاپ ئۇرۇپ گەپدان ، ھاكاۋۇر بولما ماختاش ئالدىدا .

بول پەخەس ، ئارتۇقچە ماختاشنىڭ ئۆزى قاپقان ـ تۇزاق ،
ئالدىنىپ قۇش بوپ تۇزاققا قونما ماختاش ئالدىدا .

يۈكسىلىپ جەڭلەر ئارا بولغىن قانائەتتىن يىراق ،
لايغەزەللىك پاتقىقىغا پاتما ماختاش ئالدىدا .

كەزمىسۇن ئۆمرۈڭ بىغىنى ئاقىۋەت قار ۋە جۇدۇن ،
سارغىيىپ كۆز ياپرىقىدەك سولما ماختاش ئالدىدا .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# قىشتا تېگىپ ، يازدا ئاجرىشىپ

باردۇر كىيىر ـ ھالىڭىز خېلى ،
قاملاشقاندۇر نازىڭىز خېلى .
بۇ كوچىدا « ئايىم قونچاق » دەپ ،
تارالغاندۇر نامىڭىز خېلى .

بوپ قالدىڭىز قىرىق بەش ياشلىق ،
ئۇسما قويۇپ ئېتىسىز قاشلىق ،
رەستىلەرنى كېزىسىز تىنماي ،
تۈگىمەيدۇ سىزدىكى شاشلىق .

قارىماي ھېچ يۈزىڭىز يەرگە ،
ئون بەش قېتىم تەگدىڭىز ئەرگە ،
تولدۇردىڭىز بوقچا ـ ساندۇقنى ،
كىيىم ـ كېچەك ئالتۇنغا ـ زەرگە .

دەيسىز مېنى ئايىمقىز دەڭلار ،
ھۆرپىيىسىز كىم دېسە « چوكان » .
قىش پەيتىدە ئەرگە تەگسىڭىز ،
ياز كەلگەندە ئايرىيسىز دۇكان .

گاھ تەگسىڭىز مۈكچەيگەن چالغا ،
گاھ تېگىسىز كىچىككە ـ ياشقا .
بەش باللىنى قىلدىڭىز يېتىم ،
ھەر بىرىنىڭ دادىسى باشقا ،

بىرنى « لۈكچەك ـ تاياقچى » دەيسىز ،
بىرنى « كۆنداش ـ ماراقچى » دەيسىز .
بىرنى دەيسىز : « بېخىل ۋە قاتتىق » ،
بىرنى « ئوغرى ـ قاراقچى » دەيسىز .

ياتلىق بولۇش ، ئاجرىشىش ئۈچۈن
تولا قاتراپ تېشىلەر پۇتىمۇ .
غەلۋىڭىزنى ئاڭلاپ كۆپ قېتىم ،
دەۋا سوراپ هاردىغۇ سوتىمۇ .

نەچچە ئەرگە تېگەرسىز يەنە ،
نەچچە ئۆيگە بولارسىز كېلىن .
بۇ قىلىقنى تاشلاڭ ، ئەي خوتۇن ،
خەق دېمەمدۇ « ئۇياتسىز قىلىن » .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ئېگىلگەنلەر غادايدى يەنە

تارقىلىپتۇ مۇنداق گەپ ، مېنى ـــ
« ھاكىملىقتا سايلىنارمىش » دەپ .
« مەرتىۋىسى ، ئابرۇيى ئۆسۈپ ،
مەنسەپدارغا ئايلىنارمىش » دەپ .

كۆزگە ئىلماي يۈرگەنلەر بۇرۇن ،
ماڭا ئەمدى ئېچىشتى قويۇن .
زىياپەتكە چىللاپ ھەر كۈنى ،
تۆر بېشىدىن بېرىشتى ئورۇن .

كەلدى ئۆيگە قىلىشىپ تەزىم ،
شۇ خەۋەرنى ئالدىن ئۇققانلار .
تونۇشتۇردى ئۆزىنى ماڭا ،
مەن كۆرمىگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار .

چۈشۈپ قالدىم سايلامدا بىراق ،
ماڭا ئاۋاز چۈشمىگەچ تولۇق .
بولدى كۆپۈك تارقالغان خەۋەر ،
ھاكىملىقتىن قالدىم ھەم قۇرۇق .

ئېگىلگەنلەر غادايدى يەنە ،
ئەمدى ھېچكىم كەلمىدى يوقلاپ .
قىچقارمىدى زىياپەتكىمۇ ،
يالغۇز يۈردۈم قاۋاقتا ئوتلاپ .

نەچچە كۈنلەپ چۆكتۈم ھەسرەتكە ،
ھار كەلمىگەن ھېچ ئىش مۇنچىلىك .
بەزىلەرگە مەنسەپدار دېگەن ،
ئىكەنمىدۇ ئۇلۇغ شۇنچىلىك .

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

# ئۆگەي ئانىغا

ئۆگەي ئانا ، تەلەتىڭ سوغۇق ،
يا ياغامدۇ قاپىقىڭدىن مۇز .
رەھىم قىلماي سەبىي گۆدەككە ،
سەن چاچامسەن يارىسىغا تۇز .

ئۇ ئۆتكۈزسە قىلچە سەۋەنلىك ،
تۆگە قىلىپ قويىسەن ئارتىپ .
تىنىم تاپماي بېرىسەن ئازار ،
گاھى چاغدا قۇلاقنى تارتىپ .

ئۈستۋاشنى كىيسەن پۈزۈر ،
قاشلىرىڭغا قويىسەن ئۇسما .
كىيگىنىڭگە قاراپ باق ئۇنىڭ ،
بېشىدا بار بىر قۇراق پوسما .

ئۇچىسىدا بار جۇل - جۇل چاپان ،
يالاڭغىداق يېرىلغان تاپان .
ئىسكىلىتتەك كەتكەن ئورۇقلاپ ،
يۈزى قانسىز ساپسېرىق سامان .

تارالمىغان چاچلىرى يەنە ،
كۆزلىرىدىن تامچىلايدۇ ياش .
ئۆگەي ئانا ، نېمە دەي ساڭا ،
ئىكەنمىدۇ باغرىڭ شۇنچە تاش .

« يېتىم ئوغلاق ، دۆت » دەيسەن ئۇنى ،
دەيسەن يەنە : « گەپ ئۇقماس ساراڭ » .
دەيسەن : « شورلۇق بولغاچ پېشانەڭ ،
ياش تۇرۇپلا ئۆلگەنغۇ ئاناڭ » .

ئۇ يېيەلمەس تويغۇدەك تائام ،
كۆنى ھەرگىز ئۆتمەيدۇ بوشقا .
ھېلى ئۇنى سۆرەمگە سالساڭ ،
ھېلى ئۇنى قاتىسەن قوشقا .

ھېرىپ قالسا كارىڭ يوق پەقەت ،
جاۋىلدىشىڭ ھەممىدىن يامان .
سەنمۇ ئادەم ، ئاشۇمۇ ئادەم ،
ئۆگەي ئانا بولمىغىن چايان .

ئادەم تۇگۇل بېقىپ پەپىلەپ ،
بالىسىغا كۆيەر ھايۋانمۇ .
سەندە زەررە يوقمىدۇ شەپقەت ،
ئۆگەي ئانا ، سەنمۇ ئىنسانمۇ ؟

1998 ـ يىل 3 ـ ئاي

## «كەسمەس»نىڭ ئېيتقانلىرى

بولسا ئەگەر قايسى ئىش قىيىن ،
بولمايمەن ئۇنىڭغا يېقىن .
چۈشسە سوئال خىزمەت ھەققىدە
دەيمەن ، بىرەي جاۋابنى كېيىن .

گەر ئۇچراتسام ئاقنى ـ قارىنى ،
ئىككى كۆزۈم ئايلىنار كورغا .
ئۇن چىقارماي باقىمەن چانىنى ،
قاتناشقاندا ئومۇمىي خورغا .

ئوتتۇرىدا ياشايمەن ئامان ،
ياخشى يول يوق ئۇنىڭدىن باشقا .
خەقكە ھەرگىز بولمايمەن يامان ،
پىچىقىممۇ تەگمەيدۇ تاشقا .

سەۋەنلىكىم ، نەتىجەممۇ يوق ،
ماڭا پەقەت جۇت ـ بوران تەگمەس .
ئۆز ـ ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىمەن ،
خەقلەر مېنى دېسىمۇ « كەسمەس »

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي

# قىچىشتۇرمىسا، يا ئىچىشتۇرمىسا

بىر سورۇندا ئوقۇسام شېئىر،
بىر مەخلۇققا كېتىپتۇ ئېغىر.
دەپتۇ قىلىپ ئۇستۇمدىن غەيۋەت،
«تاتىلامدۇ ھە دېسە يېغىر.

تەپ تارتماستىن سورۇندا تېخى،
〈پارىخور〉نى ئوقۇپ چىقىپتۇ.
بارمۇ بىزدە ئاشۇنداق ئىللەت،
قۇرۇق گەپنى توقۇپ چىقىپتۇ.

پارا بەرسە يەپتىمەن نەدە؟
ئۇنى ھارام دەپتىمەن نەدە؟
دىيانەتتىن سۆزلەيمەن بەلەن،
پۇل - ۋەج يىغىپ كەپتىمەن نەدە؟

قۇرۇپ كەتسۇن تۆھمەتچى شائىر،
تاش ئاتامدۇ بىزدەك باشلىققا.
ھەيدەش كېرەك بۇنداق ئادەمنى،
سۇرگۈن قىلىپ چۆلگە — تاشلىققا...»

غەزىپىدىن ئاشۇ مەخلۇقنىڭ ،
تۆرۈلۈپتۇ قاپىقى مۇزدەك .
چىچاڭلاپتۇ شېئىرىم دەلمۇدەل ،
يارىسىغا قۇيۇلغاچ تۇزدەك .

كۆلۈپ كېتەر ئىكەن قاقاقلاپ ،
توخۇلارنى ئۆردەك ـ غاز دېسە .
باركەن ماقال « ئوغرى خۇدۇكچى » ،
« ئۆلەر ئىكەن تازنى تاز دېسە » .

ھەيۋە ، دوقتىن پەرۋايىم پەلەك ،
مەيلى چاچسۇن شالىنى پۇرقۇپ .
قورسىقىدا ئاغرىق بولمىسا ،
تاۋۇز يېيىشتىن كېتەمدۇ قورقۇپ .

بولامدىكەن يازغىنىم شېئىر ،
نوقۇپ شۇنداق قىچىشتۇرمىسا .
بولۇپ گويا ئاچچىق لازىدەك ،
بەزىلەرنى ئېچىشتۇرمىسا .

1998 ـ يىل 6 ـ ئاي

# ۋاقتىدا قوتۇلايلى جاراھەتتىن

سەن مېنى كۆرەلمىدىڭ، مەن سېنى ھەم،
ھەسەتتىن ئاچچىق سوغۇق ـ جۇت بولۇشتۇق.
ئۇچراشساق كېتىشەردۇق سالاملاشماي،
غادىيىپ ئېگىلمىدۇق، بۇت بولۇشتۇق.

بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەم قۇردۇڭ تۇزاق،
يولۇڭغا قازدىم مەنمۇ ئازگال ـ ئورا.
ھە دېسە چاي سۇتلىدۇق تىلىمىزدا،
دىلىمىز بولدى بىراق مايماق، ئالا.

تۇتۇشتۇق ئوغلارنى شاراب قىلىپ،
يېيىشتۇق باغرىمىزنى كاۋاپ قىلىپ.
لاللەر بولسا پايخان كارىمىز يوق،
ئازغاننى قەدىرلىدۇق تاۋاپ قىلىپ.

تەلۋىلىك قىزىتقاندا كاللىمىزنى،
زەھەرلىك چاياندىنمۇ يامان بولدۇق.
پۈۋلىسە خۇددى پەيدەك ئۇچتۇق كۆككە،
گاھىدا ئادەم ئەمەس قاۋان بولدۇق.

كىمكى كەسسە يىلتىز ـ غولىمىزنى ،
شېخىمىز بولدى ھەم ساپ پالتىلارغا .
تاپىمىدۇق ھوشىمىزنى ـ ئەقلىمىزنى ،
چۈشسەكمۇ تالاي ئالدام خالتىلارغا .

شۈكۈر دەپ ياشاش بىزگە كېلەر باب دەپ ،
چاغلىدۇق ئۆزىمىزنى پاكىز ساپ دەپ .
ھېرىسمەن بولدۇق ئابرۇي ـ ھەشەمەتكە ،
قوللاردا تاراڭلاتتۇق ناننى داپ دەپ .

بەرسەكمۇ رەڭ ـ بوياقنى يۈزىمىزگە ،
غاپىللىق تورنى يايدى كۆزىمىزگە .
ھەممىنى كۆرۈپ خەقتىن يامانلىدۇق ،
سىنچىلاپ قاراپ باقماي ئۆزىمىزگە .

مەيلىمۇ شۇنداق ياشاپ كېتىۋەرسەك ،
نادانلىق پاتقىقىغا پېتىۋەرسەك .
مەيلىمۇ مەھكەم يۇمۇپ كۆزىمىزنى ،
غاپىللىق ئۇيقۇسىدا يېتىۋەرسەك .

مەيلىمۇ پەخىرلەنسەك بويىمىزدىن ،
مەيلىمۇ يىرگەنمىسەك خۇيىمىزدىن .
مەيلىمۇ زەينى سالماي ئاتساق پاختا ،
مەيلىمۇ ئىش كەلمىسە قولىمىزدىن .

مەيلىمۇ يۇيالمساق دىغىمىزنى ،
مەيلىمۇ بوش ئۆتكۈزسەك چىغىمىزنى .
مەيلىمۇ ئەجىر قىلىپ تۆكمىسەك تەر ،
مەيلىمۇ كۆكەرتمىسەك بىغىمىزنى .

مەيلىمۇ ياقالمىساق چىراغنى بىز ،
مەيلىمۇ تارتىساق دەردنى ـ پىراقنى بىز .
مەيلىمۇ زەئىپلىشىپ ـ چۈشكۈنلىشىپ ،
مەيلىمۇ كۆرەلمىسەك يىراقنى بىز .

مەيلىمۇ جىدەل قىلىپ پىتىشمىساق ،
مەيلىمۇ تۇغقان تۇرۇپ يىپىشمىساق .
مەيلىمۇ بۆلۈنگەننى بۆرە يىسە ،
مەيلىمۇ دىلنى مەھكەم چىتىشمىساق .

يىرىلدى باش ـ كۆزىمىز تالاي قېتىم ،
چاناقتا ياشلىرىمىز تېشىپ قالدى .
چۈشەنسەك بىزگە ئاشۇ نادانلىقتىن
ئاقىۋەت « نىمە تاپتۇق » ئېشىپ قالدى .

قاچانمۇ ئۆزىمىزنى تونۇتارمىز ،
قاچانمۇ دىلىمىزنى يورۇتارمىز .
قاچانمۇ كەچمىشلەردىن ئېلىپ ئىبرەت ،
ئىللەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتارمىز .

بولمايلى ، دوستۇم ، بۇنچە هاماقەتتىن ،
چەكمەيلى يەنە هەسرەت ـ نادامەتتىن .
پاك ـ پاكىز كۆيدۈرۈپ بىز ئىللەتلەرنى ،
ۋاقتىدا قۇتۇلايلى جاراھەتتىن .

1998 ـ يىل 6 ـ ئاي



# رۇبائىيلار ۋە پارچىلار

ۋىجدان بىلەن ياشاي كۆل بولۇپ ،
ۋىجدان سېتىپ گۈلخان بولغۇچە .
ۋىجدان بىلەن ياشاي قۇل بولۇپ ،
تاپان يالاپ سۇلتان بولغۇچە .

× ×

ئەتراپىمغا توپلىدىم نەچچە مۇرىت ـ پوداقچىنى ،
كېچىلەردە يول توسۇپ بۇلىۋالدىم ئاقچىنى .
ئەتىگەندە تۇتتۇلدۇم ، كەچقۇرۇندا قۇتتۇلدۇم ،
رېستوراندا پۇل خەجلەپ مېھمان قىلسام ساقچىنى .

× ×

قۇلاقنىڭ دىققىتى راۋابقا يەتتى ،
سورۇندا قولىمىز كاۋاپقا يەتتى .
دېھقاندىن ئالغان جەرىمانە پۇل ،
نەچچە كۈن بىز ئىچكەن شارابقا يەتتى .

× ×

ئىشەك پاتقاقتىن ، لايدىن قورقىدۇ ،
كارۋان سۇسىز چۆل ـ سايدىن قورقىدۇ .

قىلمىشىم ئەلگە ئايان بولار دەپ ،
ئوغرى ئاخشىمى ئايدىن قورقىدۇ .

× ×

دان قەدىر سىز ، پاخال ئەتىۋار ،
مېغىز خاراب ، شاكال ئەتىۋار .
دۇلدۇل مالاي ، ئېشەك پادىشاھ ،
ئالتۇن خاراب ، ساپال ئەتىۋار .

× ×

ساختىلىقتىن تاشنى يېدىم ئاقىۋەت ،
توپا سالغان ئاشنى يېدىم ئاقىۋەت .
ياخشىلارنى قەستلەپ قۇرسام تۇزاقنى ،
قىلمىشىمدىن باشنى يېدىم ئاقىۋەت .

× ×

ئەل خۇشالدۇر گۇل كەبى پۇراق بەرگەن شائىردىن ،
چاڭقىغانغا بىر تاتلىق بۇلاق بەرگەن شائىردىن .
ئەل بىزاردۇر نەپ ئۈچۈن بولۇپ رەزىل گۇپپاڭچى ،
ناكەسلەرنى پەردازلاپ بوياق بەرگەن شائىردىن .

× ×

نامەردنىڭ يۇمشاق سۆز - كالام قىلغىنى ،
ياخشىغا زەھەردىن تائام قىلغىنى .

چۈشەنسەڭ شۇملۇقتىن بىرەر بېشارەت ،
تۈلكىنىڭ ئېگىلىپ سالام قىلغىنى .

× ×

سۆزلىرىڭدە شېكەر باردەك سېزىمەن ،
بىراق سەندە زەھەر باردەك سېزىمەن .
ماختاپ قويۇپ كاچاتلىساڭ مۇرەمگە ،
بىر شۇملۇقتىن خەۋەر باردەك سېزىمەن .

× ×

بۇ ھايات شامىنى ساتتىم پۇلنى دەپ ،
ئېتىقاد ـ ئارىمنى ساتتىم پۇلنى دەپ .
نەدە قالدى ئادىمىيلىك قىممىتىم ،
ئىززىتىم ـ نامىمنى ساتتىم پۇلنى دەپ .

× ×

يېڭىسىنى بىلىپ ئەتىۋار ،
كونىسىنى غۇلاتتۇق ھامان .
كونىسىنى بالادۇر دېسەڭ ،
چىققى ئۇندىن يېڭىسى يامان .

× ×

سۇزۇلدۇرگىن سۇنى قانچە ،
سۇ تېگىدە دۇغ قالار .

ئۆچۈر سەگمۇ ئوتنى قانچە ،
كۆل تېگىدە چوغ قالار .

× ×

ئېچتى كىم مېنىڭ شېئىرىمدىن زەمزەم ،
يازغىنىمدا كۆپ ئېزىلدى ئەزمەم .
ئۆزۈمنى شائىر سانايمەن بىراق ،
ئەل دىلىدا يوق بىر مىسرا نەزمەم .

× ×

خامىنىمدا پاخىلىم چوڭ ، دېنىم كىچىك ،
گەپنى يوغان قىلغان بىلەن جېنىم كىچىك .
مەيدە قېقىپ ئالالايمەن گەپتە شەھەر ،
دۇكىنىمدا بەك توۋلايمەن نېنىم كىچىك .

× ×

گاھ ئاقىل بېسىلار نادان ئاستىدا ،
گاھ ياخشى بېسىلار يامان ئاستىدا .
بەزىدە كۆمۈلەر زەرمۇ ئەخلەتكە ،
گاھى دان سېسىيدۇ سامان ئاستىدا .

× ×

نامەردلەرنى يولاتمىغىن قېشىڭغا ،
توپا سالۇر ئېچىۋاتقان ئېشىڭغا .

قارا يۈقار كەلسەڭ قازان يېنىغا ،
پەيتى كەلسە چىقۇر نامەرد بېشىڭغا .

× ×

بۇيرۇق بەرسەڭ بۇيرۇقۇڭدىن چىقتىم دەل ،
نىمە دېسەڭ دېگىنىڭنى قىلدىم تەل .
مالاي بولۇپ چاپىنىڭنىڭ پېشىنى
كۆتۈرگەچكە نۇرغۇن ئىشنى قىلدىم ھەل .

× ×

پاقلانىنىڭ سېمىزى پىچاققا يېقىن ،
ئوتۇنىنىڭ قۇرۇقى ئوچاققا يېقىن .
ھەق ئۈچۈن سۆزلىگەن تۇزاققا يېقىن ،
بالاخور ئاچ كۆزلەر دوزاخقا يېقىن .

× ×

تېشىمغا قاراپلا دېمىگىن تۈزۈك ،
ھەركىمنىڭ بۇرنىغا سالىمەن چۈلۈك .
بولغاچقا ساختىپەز ، نىيىتىم يامان ،
قارىساڭ ھەر ۋاقىت قازىنىم تۆشۈك .

× ×

قېلىنلىق ، داپ يۈزلۈك نامەردكە بېزەك ،
بولمايدۇ ئار ـ نومۇس ئۇنىڭغا كېرەك .

بەزىدە مىڭ قامچا ئۇرغىنىڭ بىلەن ،
سۆيدۈكتىن بېشىنى كۆتۈرمەس ئېشەك .

× ×

تولدۇرۇپ نۇرغا ئۆمرۈم دەپتىرىنى ،
ئۇچۇرسام شان - ئۇتۇقنىڭ كەپتىرىنى .
چۆرەمدە ئاۋۇپ كەتتى ھەسەتخورلار ،
چاياندەك تەگلەپ ماڭا نەشتىرىنى .

× ×

كۆرەگلەپ ئۆزۈڭنى ھاتەم چاغلىما ،
ئەقىللىق ، بەك ھوشيار ئادەم چاغلىما .
دوستۇڭ مىڭ بولسا دېگىن ئۇنى ئاز ،
دۈشمىنىڭ بىر بولسا ئاز - كەم چاغلىما .

× ×

زىرائەت ئۈنمەس يەرمۇ تاشلىق بولسا ،
تۇپرىقى زەي - شورتاڭلىق ئاچچىق بولسا .
يېتەلمەس ئەل مۇرادقا روناق تېپىپ ،
بىلىمسىز قارا قورساق باشلىق بولسا .

× ×

يۈز دۈشمەن قىلسا كۆپ ھاقارەت ماڭا ،
بىلىنمەس ھېچقانچە مالامەت ماڭا .

بىر دوستنىڭ ئالدىمدا ساختا ماختىشى
تۇيۇلار بەئەينى قىيامەت ماڭا .

× ×

يولاتمىسام بىر دوستۇمنى قېشىمغا ،
يۆلەك بولدى كۈن چۈشكەندە بېشىمغا .
ئىشەنگەنتىم يەنە بىرگە ئەزەلدىن ،
يۈز ئۆرۈپلا توپا سالدى ئېشىمغا .

× ×

ئەۋلاد ئۈچۈن مېھىر قالدۇردۇم ،
ئېسىل ھېكمەت - پىكىر قالدۇردۇم .
ئەجرىم بولدى روھىي خەزىنە ،
پۇل - ۋەج ئەمەس ، شېئىر قالدۇردۇم .

1990 — 1999 - يىللار



本集了选录作者近九年来所创作的一批优秀的讽刺诗。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **چىمەنگۈل ئاۋۇت**
جاۋابكار كوررېكتورى : **ئايشەم ئابدۇۋەلى**
تېخنىكىلىق تەھرىرى : **غولام ئەبەيدۇللا**

# تىلدا دىيانەت ، دىلدا خىيانەت

(ساتىرىك شېئىرلار)

ئاپتورى : **ئابدۇللا ياقۇپ**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مم 32/1
باسما تاۋىقى : 4.3125 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3110 ـــــ 1

---

ISBN7 — 5373 — 0769 — 5/I. 216
باھاسى : 6.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0769-5

9 787537 307697 >

ISBN7 — 5373 — 0769 — 5

I. 216(民文)　باھاسى: 6.50 يۈەن